
بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جوڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني

4

1999

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

# ھۆكۈمىتىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ئىسمائىل ئەھمەد ماراكەش پادىشاھى ھەسەن Ⅱ نىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى




ئىسمائىل ئەھمەد ماراكەش پادىشاھى
ھەسەن Ⅱ نىڭ دەپنە مۇراسىمىدا.



ئىسمائىل ئەھمەد ماراكەش دۆلەت رەھبىرى سالاھىيىتىدە كۈتۈۋېلىندى.
سۈرەتتە: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ئىسمائىل
ئەھمەد ماراكەش پادىشاھ ھۆرمەت قاراۋۇلى ئەترىتىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.



دەپنە مۇراسىمىدا ئىسمائىل ئەھمەد ماراكەش ۋەزىرى يۇسۇف بىلەن سەممىي،
ۋستادە سۆھبەتلەشتى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ ھەسەن Ⅱ نىڭ
اتىغا بولغان تەزىيىسىنى بىلدۈردى.



دەپنە مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ماراكەشنىڭ يېڭى پادىشاھى مۇھەممەد
Ⅵ ئىسمائىل ئەھمەد بىلەن سەممىي كۆرۈشتى ۋە سۆھبەتلەشتى.
(سۈرەتلەرنى لى خۇاشىن تارتقان)



شياڭگاڭ ئىسلام دىنى بىرلەشمىسى ۋە ئاۋمېن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرلەشمە
ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا زىيارەتكە كەلگەندە،
بېيجىڭدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە
سەممىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۆزئارا سوۋغات ئالماشتۇرۇشتى.
(سۈرەتنى لى ۋېنسەي تارتقان)



بۇ بىرلەشمە ئۆمەك بېيجىڭدىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ئىسلام
جەمئىيىتىدىن شەمشىدىن ھاجى، ئادىل ھاجىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا شائەنشي،
سۈجۇلاردا زىيارەتتە بولدى. سۈرەتتە: شائەنشي شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى
بۇ ئۆمەكنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.
(سۈرەتنى لى ۋېنسەي تارتقان)

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

CHINA MUSLIM

(پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: شەمشىددىن ھاجى
تەكلىپلىك مۇھەررىر: رىشىت ھاجى ۋاھىدى
تېخنىكا تەھرىرى: ئابلىز قاسىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ھاجى ۋاھىدى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسمازاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتانومۇرى: 100053، تېل: 63513181(010)
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى
119-قورۇ، پوچتانومۇرى: 830001، تېل: 2566193(0991)

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主　　编：夏米西丁哈吉
特聘编辑：热西提哈吉·瓦依提
技术编辑：阿布力孜·卡斯木
封面设计：哈吉瓦依提
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
（北京市宣武区南横西街103号）
邮政编码：100053 电话：(010)63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路119号
邮政编码：830001 电话：(0991)2566193


## مۇندەرىجە

### ئالاھىدە خەۋەرلەر


50 يىللىق تويغا مۇبارەك
—جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن ........................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (3)
ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە مۇبارەك
........................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (6)
ھۆكۈمىتىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ئىسمائىل ئەھمەد ماراكەش
پادىشاھى ھەسەن II نىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى
........................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (8)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئەھمەد ۋاجىدى ئاخىرەتكە
سەپەر قىلدى ........................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (10)


### ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى


ئىسلام دىنى ۋە نىكاھ ........................ شىھابىددىن ئابدۇلئەھەد (12)
ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭ مەزھىپى ........................ جيا باۋپىڭ (25)
خەتنە توي قىلىش سۈننەتمۇ؟
........................ ئابدۇلھەپىز ئابدۇرەھىم ئىلتەبىر (32)


### ۋەز-تەبلىغ


ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا
........................ ئابدۇكېرىم قارىم (34)


### ئىسلام ئەدەپ-ئەخلاقى


ئەسسالامۇئەلەيكۇم ........................ ياقۇپ ھەمدۇللا (36)
ھاراق ھەقىقەتەن ھارامدۇر
—"ھ" ھەرپىدىن ھۆكۈملەنگەن ھىدايەتنامە
........................ ئېلتېكىن (40)
ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىزلىرىغا بىر نەزەر
........................ ھۈسەنجان تۇرسۇن (41)

## ئىسلام دىنى ساۋاللىرى

ئىمان ۋە ئىسلام توغرىسىدا سوئال-جاۋابلار ……………… ئۆمەرجان مۇھەممەت (43)

## خەلقئارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشلەر

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللىرى مالايسىيادە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى …… نەبىئى ما جۇڭپىڭ (49)

دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى ……………… ئادىل ھاجى كېرەم (51)

مىسىر دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى …… ئادىل ھاجى كېرەم (52)

بىروناي دارۇسسالام دۆلەت دىن ئىشلىرى ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ……………… ئادىل ھاجى كېرەم (53)

گۋىنىيە زۇڭتۇڭىنىڭ رەپىقىسى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ……………… ئادىل ھاجى كېرەم (54)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

پەيزىۋات ناھىيىسىدىكى، گۇچۇڭ بازىرىكى، پوسكام ناھىيىسىدىكى، تۇرپان شەھىرىدىكى، قاغىلىق ۋە مارالبېشى ناھىيىلىرىدىكى تۆھپىكار دىنىي زاتلار ……………… مەخىت ھامۇللا، ئابلىمىت قۇربان، ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت، شاھمەردان ئىمىنىياز، ئەزىز تۇردى، سىدىق تۇردى، ئوسمانجان بارات ۋە ئامىنگۈل ئىمىن، ئابدۇراخمان ئىسمائىل، ئوسمانجان بارات ۋە ئامىنگۈل ئىمىن (55)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

شياڭگاڭ ئىسلام دىنى بىرلەشمىسى ۋە ئاۋمېن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرلەشمە ئۆمىكى ئىچكى رايونلاردا زىيارەتتە بولدى ……………… ئادىل ھاجى كېرەم (57)

كۇنەس ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ……………… نەسىمى (57)

اقىلىق ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ……………… ياسىنجان غوجىمەھمەت(58)

## خەۋەرلەر

ىنداشلىق مېھرى ……………… ئادىل نۇرمۇھەممەت (59)

خالىس نەزىر ……………… ئابدۇراخمان ئىسمائىل (59)

بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 53-تۇەن ……………… ھەسەنجان قارىي (59)

ھەرەمگە تەييارلىغان 4000 يۈەن كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان دېھقانلارغا ئىئانە قىلىندى ……………… نۇرئەخمەت موللا، تۇرسۇن ئابلىز(59)

ھويلا-ئارام ئىگىلىكى چىرالىقلارنى باياشات قىلماقتا —چىرا ناھىيىسىنىڭ "سەككىز بىر قورۇلۇشى" ……………… ماتېرىيالدىن (50)

## ھىجرىيە يىلنامىسى

ھېيت-ئايەملەرنىڭ ھىجرىيە ۋە مىلادىيە يىللىرىدىكى ۋاقتى جەدۋىلى (بېشى ئۆتكەنكى سانىدا) ……… شەمشىدىن ھاجى (60)

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچىلىرىغا تەشەككۈر ……………… «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى(35)

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999-يىللىق سانلىرىدىكى ئاساسلىق ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى ……………… «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى(62)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: مەككە جامەسىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى سۈرەتنى ئادىلجان ئابدۇقادىر ھاجى تارتقان.


★ 1999-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشىردىن چىقتى ★

# 50 يىللىق تويغا مۇبارەك

## ——جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

بۇ يىل مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى خۇشاللىق بىر يىل بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق توينى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تەبرىكلىدى. بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن، ئۇلۇغ جۇڭگو كومپارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، قانلىق جەڭ ۋە جاپالىق كۈرەشلەر ئارقىلىق ئاخىر 1949-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى ھەر مىللەت خەلقى خوجا بولغان يېڭى جۇڭگونى بەرپا قىلىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى دۇنيانىڭ شەرق زېمىنىدا قەد كۆتەرگۈزگەنىدى، پۈتۈن مەملىكىتىمىز خەلقى جۈملىدىن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى جۇمھۇرىيەتنى بەرپا قىلغۇچىلارنى ۋە بۇ يولدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ئەزىمەتلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

50 يىلدىن بېرى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاپا چېكىپ كۈرەش قىلىپ، ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە، مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت ئىگىلىكى گۈللەپ ياشنىدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق-ئىناق، جەمئىيەت تىنچ-ئامان بولۇپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلدى. دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال قۇدرىتى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ باردى، ئىلىم-پەن ۋە پەن-تېخنىكا كەشپىياتلىرى جەھەتتە غايەت زور يۈكسىلىشلەر بولدى، ۋەتەننى ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ھەر ساھە ئىشلىرىمىزدا ئۇچقاندەك يۈكسىلىشلەر بولدى. جۈملىدىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىمۇ يەنە بىر قەدەم ئەمەلىيلىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقى ھۆرمەتكە ۋە قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. نەتىجىدە ئىسلامىيەت ئىشلىرىمىزمۇ ساغلام راۋاج تاپتى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي خىزمەت ساپاسى زور دەرىجىدە ئۆستى، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى ھەم دىنىي خىزمەتلىرىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ھازىر مەملىكىتىمىزدە 20 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان، 35 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت، 45 مىڭدىن ئارتۇق ئىمام-ئاخۇن بولۇپ، مەملىكىتىمىز ئاھالىسى ئىچىدە ئاران 1.5 پىرسەنتنى ئىگىلەيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى، دۆلىتىمىزدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك دىنىي تەشكىلاتى يوق ئىدى، مەملىكىتىمىزدىكى مەشھۇر مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ۋە رەھبەرلىرىنىڭ تەشەببۇسى ھەم ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈشى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1953-يىلى مەملىكەت خاراكتېرلىك تۇنجى ئىسلام جەمئىيىتى——جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھازىرغاقەدەر مەملىكەتلىك، ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق)، ۋىلايەتلىك (ئاپتونوم ئوبلاستلىق)، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىن 423 جەمئىيەت قۇرۇلدى؛

بولۇپمۇ 80-يىللاردىن باشلاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىنىڭ راۋاج تېپىشى ۋە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىمۇ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز تەرتىپكە سېلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىسلام مائارىپى، دىنىي ئىشلار، ئىسلام تەتقىقاتى ۋە خارجى ئىشلار خىزمەتلىرىنى ئاكتىپ ۋە سالماق قانات يايدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ۋە ئەدەپ-ئەخلاق ئەنئەنىلىرىنى

قېزىش ۋە جارى قىلدۇرۇش، كەڭ مۇسۇلمانلارنى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىششقا يېتەكلەش، تۇرلۇك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۇچۇن خىزمەت قىلىش، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۇردى.

——بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى، ھەرقايسى مۇسۇلمانلار رايونلىرىدا گەرچە ئومۇمىي ئوقۇتۇش سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى بولمىغان ۋە بەك قېلىپلىشىپ كەتمىگەن ئىسلام دارىلفۇنۇنى ياكى مەكتەپلىرى بولسىمۇ، ئەمما مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىسلام دارىلفۇنۇنى يوق ئىدى، 1955-يىلى دۆلىتىمىز بويىچە مەملىكەت خاراكتېرلىك تۇنجى ئىسلام دارىلفۇنۇنى——جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 80-يىللاردىن باشلاپ، شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى، نىڭشيا ئىسلام دارىلفۇنۇنى، گەنسۇ ئىسلام دارىلفۇنۇنى، چىڭخەي ئىسلام دارىلفۇنۇنى، جىڭجۇ ئىسلام دارىلفۇنۇنى، شېنياڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى، يۇننەن ئىسلام دارىلفۇنۇنى، بېيجىڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى، خېبېي ئىسلام دارىلفۇنۇنى قاتارلىق توققۇز ئىسلام دارىلفۇنۇنى قۇرۇلۇپ، ئالىي مەكتەپ دەرىجىلىك ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرى ئونغا يەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى مۇسۇلمان رايونلىرىدا ئىپتىدائىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىسلام مەكتەپلىرى قۇرۇلۇپ تالىپ تەربىيىلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 80-يىللاردىن باشلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەللەر بىلەن پۈتۈشكەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كېلىشىمىگە ئاساسەن، مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى، پاكىستاندىكى ئىسلامئاباد خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى، لىۋىيەدىكى ئىسلام دەئۋەتى ئىنستىتۇتى قاتارلىق خەلقئارالىق ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ياش تالىپلارنى ئەۋەتىپ ئىسلامىيەت بىلىملىرى بويىچە ئالىي مەلۇماتتا ئوقۇتتى ۋە ئوقۇتۇۋاتىدۇ، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئىسلامئاباد خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆيۈشتۇرۇۋاتقان ئىماملار كۇرسىغا ھەر يىلى ۋەزىپىدىكى ياش ئىماملاردىن ئەۋەتىپ بىلىمنى ئاشۇرغۇزۇۋاتىدۇ. 60-يىللارنىڭ بېشىدا جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەن پروفېسسور مۇھەممەت سالىھ ھاجى، پروفېسسور خوجابدۇللا ھاجى، 60-يىللارنىڭ بېشىدا جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تەتقىقات سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ھۇسەيىن ھاجى امولام، 80-يىللاردا جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن لىۋىيەدىكى ئالىي ئىسلام بىلىم يۇرتىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن دوتسېنت مۆھتەرەم ھاجى قاتارلىقلار شىنجاڭدىكى ئىسلامىيەت ئىلمىي ساھەسىدە تايانچ كۈچلەردىن بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ؛

——80-يىللارنىڭ بېشىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نامىدىن «قۇرئان كەرىم»، «تەپسىر جەلالەيىن»، «لۇئلۇمەرجان»، «شەرھى ۋىقايە» قاتارلىق ئىسلام دىنىي كىتابلىرىنىڭ ئەرەبچىسى بېسىلىپ تارقىتىلغانىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، قازاقچە تەرجىمىسى نەشر قىلىندى، قىرغىزچە تەرجىمىسىمۇ پۈتتى. «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى»، «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما»، «قۇرئان كەرىم» (29- ۋە 30-پارىلىرى)نىڭ تەپسىرى» قاتارلىق دىنىي كىتابلارنىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى؛ ئىلگىرى مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىسلام دىنى ژۇرنىلى يوق ئىدى، 1957-يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدا مەملىكەت خاراكتېرلىك تۇنجى ئىسلام دىنىي ژۇرنىلى—— «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە نۇسخىسى نەشر قىلىندى، گەرچە ئارىلىقتا مەلۇم مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىزچىل نەشر قىلىنىپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا خېلى زور تەسىر پەيدا قىلدى؛

——1956-يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە، بولۇپمۇ 80-يىللاردىن تارتىپ ھەر يىلى زور تۈركۈمدىكى ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار، ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ يىلغىچە جەمئىي 50 مىڭدىن ئارتۇق جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلدى، ھازىر ھەر يىلى ھەج قىلىپ كېلىۋاتقانلار سانى 50 يىلدىن بۇرۇنقى مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي ھاجىلار سانىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ؛

— جۇڭگو تارىخىدا ئىلگىرى مەملىكەت كۆلەملىك قىرائەت مۇسابىقىسى ۋە ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى بولۇپ باقمىغانىدى، 90-يىللاردىن باشلاپ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئىككى يىلدا بىر قېتىم مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەجۋىدلىك قىرائەت قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن 90-يىللاردىلا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 50 تىن ئارتۇق قارىينى ئەۋەتىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر، مالايسىيە، ئىران، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى. مەملىكىتىمىزدىكى ئىمام-خاتىپلارنىڭ ۋەز-تەبلىغ قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نەچچە قېتىملىق مۇسابىقىدە تاللانغان 70 تەك مۇنەۋۋەر ۋەز-تەبلىغ ماقالىلىرىنى توپلاپ «ۋەز-تەبلىغ توپلىمى» (خەنزۇچە) نەشر قىلىپ تارقاتتى؛

50 يىلدىن بېرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئىسلام ئەللىرى ۋە چەت ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشنى كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرۇپ، دوستانە ئالاقىنى كۈچەيتتى. بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بېرى بۇ خىل دوستانە بېرىش-كېلىش تېخىمۇ كۆپەيدى، 40 دىن ئارتۇق دۆلەت بىلەن ئالاقە ئورناتتى. 1980-يىلدىن بېرى جەمئىيىتىمىز 21 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 60 نەچچە تۈركۈم 640 دىن ئارتۇق ئىسلام ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋالدى، ئۇنىڭدىن سىرت ھۆكۈمىتىمىزنىڭ باشقا تارماقلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن كەلگەن 1000دىن ئارتۇق چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە لىۋىيە دۆلەت باشلىقى قەززافى، سۇداننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى نۇمەيرى، ئىراننىڭ سابىق پالاتا باشلىقى راپسانجانى، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ ۋەلىئەھدىسى شاھزادە ئابدۇللا ۋە شاھزادە سالمان قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىمۇ بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيىتىمىزدە قىزغىن ۋە داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيىتىمىزمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بېرى 25 تۈركۈم 140 دىن ئارتۇق ئادەمنى 34 دۆلەت ۋە رايونغا زىيارەت قىلىشقا ياكى مۇناسىۋەتلىك يىغىنلارغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىپ، ئۆزئارا چۈشەنچە ۋە دوستلۇقنى ئاشۇردى؛

— يېقىنقى يىللاردىن بېرى جەمئىيىتىمىز مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانچە يېمەك-ئىچمەك ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەتلەرنىڭ يېمەك-ئىچمەكلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، ”ھالال“لىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىش بىلەن، مۇسۇلمانچە يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە، مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنى خاتىرجەملەندۈرۈپلا قالماستىن، بۇ مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالىدىغان ئىسلام ئەللىرى ۋە غەيرىي ئىسلام ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ مەھسۇلاتلاردىن خاتىرجەم بەھرىمەن بولۇشىنىمۇ كاپالاتكە ئىگە قىلدى.

ئۆتكەنكى 50 يىل داۋامىدا، ئىسلامىيەت ئىشلىرىدا بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن يېڭىلىقلار بارلىققا كەلدى.

50 يىللىق تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم بولغاندىلا، ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن مۇسۇلمانلار خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلالايدۇ؛ پەقەت دۆلەت ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرى روناق تاپقاندىلا، باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش ئىسلامىيەت ئىشلىرىمۇ روناق تاپالايدۇ. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلارمۇ ھازىرقى مۇقىم ۋە ئىتتىپاقلىق ۋەزىيەتنى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن قوغدىشىمىز ۋە ئاسرىشىمىز لازىم.

21-ئەسىرگە قەدەم تاشلاۋاتقان بىر پەيتتە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ھازىرقى ياخشى ۋەزىيەتنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى، خەلق مەنپەئىتىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلامىيەت ئىشلىرىنى ئەستايىدىل تىرىشىپ ئىشلەپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى يېتەكلەپ، مەملىكىتىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

# ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە مۇبارەك

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** يېڭى ئەسىر كىرىش ھارپىسىدا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۈتمەكتە. 1999-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن باشلاپ، مەملىكىتىمىز ھۆكۈمىتى ئاۋمېنغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ ئۇلۇغۋار ئىش جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە كەلتۈرگەن ئازاب-ئوقۇبەت ۋە ئىزا-ئاھانەت تارىخىغا ئۈزۈل-كېسىل خاتىمە بېرىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، بۈيۈك بىرلىك، بۈيۈك گۈللىنىش نىشانىسىغا قاراپ تېخىمۇ مەزمۇت قەدەم تاشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇشتىن“تىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇرىنىڭ چەكسىز دانالىق ئىكەنلىكىنى، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

يېقىنقى زاماندىن بېرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ زوراۋانلارنىڭ بوزەك قىلىشى ۋە شىلىۋېلىشىغا ئۇچرىغان ئىزا-ئاھانەتلىك تارىخىنى ۋە يېڭى جۇڭگونىڭ 50 يىلدىن بېرى روناق ۋە قۇدرەت تاپقان جەڭگىۋارلىق مۇساپىسىنى ئەسلىسەك، پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭلا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىق ئەمەلىيىتىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى خۇشاللىق بىلەن مۇبارەكلەۋاتقان بۇ مۇقەددەس پەيتتە، ۋەتەن بىرلىكىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا تېخىمۇ دىققەت-نەزەردە بولۇپ، ئىككى قىرغاقنىڭ ئالدۇرراق تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كېلىشىنى تەيۋەن خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقى تەشنالىق بىلەن ئارزۇ قىلماقتىمىز. تارىخىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ئىتتىپاقلىق—كۈچ، بىر پۈتۈنلۈك—تەشنالىق. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ روناق تېپىشى ئىتتىپاقلىققا باغلىق، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قۇدرەت تېپىشى بىر پۈتۈنلۈككە باغلىق. شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى، ئاۋمېن قايتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ تولۇق بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىرادىسىنى، ئىشەنچىسىنى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ.

## ماتېرىيال

ئاۋمېن قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ زېمىنى بولۇپ، 1553-يىلى باشقا ئەللەر سودىگەرلىرى قىياپىتىگە كىرىۋالغان پورتۇگالىيىلىكلەر مىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىغا پارە بېرىش يولى بىلەن ئاۋمېندا كېمە-پاراخوتلىرىنى توختىتىش قولايلىقىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە خىلمۇخىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، 1557-يىلى ئاۋمېندا ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان، 1571-يىلدىن باشلاپ، گۇاڭدۇڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىگە يەر بېجى تاپشۇرىدىغان بولۇپ، ئىجارە مۇناسىۋىتىنى تىكلىۋېلىش بىلەن، ئاۋمېننى پورتۇگالىيىنىڭ مۇستەقىل ئولتۇراقلىق رايونى قىلىۋالغان، ئەمما تا ئەيپۇن ئۇرۇشى مەزگىلىگىچە (1553-يىلدىن 1849-يىلغىچە) بولغان 300 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى ئاۋمېنغا قارىتا يەنىلا ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ كەلگەن: ئاۋمېن پەقەت جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەۋەلىكىدىكى، پورتۇگالىيىلىكلەر تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئالاھىدە بىر رايون ۋە جۇڭگو بىلەن چەت ئەل ئوتتۇرىسىدا سودا-تىجارەت قىلىدىغان مۇھىم بىر پورت بولۇپ كەلگەن، بۇ جەرياندا، پورتۇگالىيىلىكلەر جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تۇرالغۇ ئىجارىسى تاپشۇرغان ۋە باج تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن سودا-تىجارەت قىلغان، ئاۋمېندا ئاپتونومىيە ئورگىنى قۇرۇپ، مەلۇم ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولغان. ئەمما ئەيپۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، مۇستەقىللىق ئورنىدىن مەھرۇم قالغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ زاۋاللىقىدىن پايدىلانغان پورتۇگالىيىلىكلەر ئاۋمېندا تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەتكە ئىگە بولۇۋالغان: ئىگەللىۋالغان زېمىنىنى يەنىمۇ كېڭەيتكەن، يەر

ئىجارىسى تاپشۇرۇشنى رەت قىلغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئورگىنىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئەمەلدارلىرىنى قوغلاپ چىقارغان ھەمدە ئاۋمېننى "ئەركىن پورت" دەپ جاكارلىغان. 1887-يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پورتۇگالىيە ھۆكۈمىتى بىلەن «جۇڭگو-پورتۇگالىيە دوستلۇق-تىجارەت شەرتنامىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولغان، نەتىجىدە پورتۇگالىيىلىكلەر بۇ تەڭسىز شەرتنامە ئارقىلىق، ئاۋمېندا مەڭگۈ تۇرۇش، ئاۋمېننى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى جاھانگىرلار جۇڭگوغا تاڭغان بارلىق تەڭسىز شەرتنامىلەرنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. 1979-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن پورتۇگالىيە جۇمھۇرىيىتى دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئاۋمېن مەسىلىسى توغرىسىدا كېلىشىمگە كەلدى ۋە پورتۇگالىيە تەرەپ ئاۋمېننىڭ پورتۇگالىيە باشقۇرۇشىدىكى جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. 1987-يىلى 4-ئاينىڭ 13-كۈنى بېيجىڭدا جۇڭگو-پورتۇگالىيە ئىككى تەرەپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىلەن پورتۇگالىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاۋمېن مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىرلەشمە باياناتى»نى ئىمزالىدى، بۇنىڭدا: "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى 1999-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى ئاۋمېنغا قارىتا ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ" ھەمدە "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" فاڭجېنى بويىچە، ئاۋمېندا ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىنىپ، داۋاملىق كاپىتالىزم تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، بۇ ھال "50يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ" دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن، تارىختىن قېپقالغان ئاۋمېن مەسىلىسى قانائەتلىنەرلىك ھەل بولۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئاۋمېننى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى ئۇزاقتىن بۇيانقى ئورتاق ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى.

ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى يەنە بىر خۇشاللىق ئىش، شۇنداقلا ۋەتىنىمىزنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە قاراپ باسقان يەنە بىر مەزمۇت قەدىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاۋمېن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى جۇخەي شەھىرى بىلەن قوشنا بولۇپ، 240 مېتىرلىك چېگرىسى بار. ئاۋمېن رايونى ئاۋمېن يېرىم ئارىلى، داڭزەي ئارىلى ۋە لۇخۇەي ئارىلىدىن ئىبارەت ئۈچ ئارالدىن تەركىب تاپقان، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 23.5 كۋادرات كىلومېتىر. ئاۋمېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، 1998-يىل 12-ئاينىڭ ئاخىرى ئاۋمېننىڭ دائىملىق نوپۇسى 430 مىڭ 500 بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئاۋمېندا ھازىر يەنە شۇ يەردە تۇرۇش تەستىقىنى ئالغان 24 مىڭدىن چەت ئەللىك كىشىلەر ۋە 23 مىڭدەك سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەر بار. ئاۋمېن ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 96.3 پىرسەنتى ئاۋمېن يېرىم ئارىلىدا تۇرىدۇ، پەقەت 2.9 پىرسەنتى داڭزەي، لۇخۇەي ئاراللىرىدا تۇرىدۇ، قالغان 0.8 پىرسەنتى سۇ ئۈستىدە ياشايدۇ. ئاۋمېنلىقلارنىڭ 96 پىرسەنتتىن ئارتۇقى جۇڭگولۇق بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ئىچىدە پورتۇگالىيىلىكلەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ، پورتۇگالىيىلىكلەر ئىچىدە 11 مىڭدەك ئادەم "يەرلىك پورتۇگالىيىلىكلەر" دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار پورتۇگالىيىلىكلەر قان سىستېمىسىدىكى ئاۋمېندا تۇغۇلغان پورتۇگالىيىلىك ئاھالە بولۇپ، پورتۇگالىيىلىكلەر بىلەن جۇڭگولۇقلار ياكى باشقا ئېرقتىكى كىشىلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۇغۇلغان پىرۋوتكىلار ھەمدە ئۇزاقتىن بېرى ياكى نەچچە ئەۋلاد ئاۋمېندا ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان پورتۇگالىيىلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ پورتۇگالىيىدە ئاساسىي جەھەتتىن ھېچقانداق يېقىن تۇغقانلىرى يوق، ئۇلار ئاۋمېننى مەڭگۈلۈك قارارگاھىمىز ۋە يۇرتىمىز دەپ قارايدۇ.

ساياھەتچىلىك، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى، پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا كەسپى ھەم ئۆي-جاي قۇرۇلۇشى كەسپى ئاۋمېننىڭ ھازىرقى ئىگىلىكىدىكى تۆت چوڭ تۈۋرۈك ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر ئاۋمېندا ئالتە ئالىي مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭ تۆتى ھۆكۈمەت قارىمىقىدا، ئىككىسى خۇسۇسىيلار قارىمىقىدا، ئاۋمېن ئۇنىۋېرسىتېتى ئاۋمېندىكى ئەڭ چوڭ ئالىي مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا يەتتە ئىنستىتۇت بار، ئۇنىڭدا ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ.

ئاۋمېندا سەھىيە ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ھەر مىڭ ئادەمگە 1.52 دوختۇر توغرا كېلىدۇ. ئاھالىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 70 ياش.

ئاۋمېنلىقلارنىڭ 87 پىرسەنتى گۇاڭدۇڭ خەنزۇچىسىدە سۆزلەيدۇ، ئورتاق تەلەپپۇز ياكى باشقا شېۋىلەردە سۆزلىشىدىغانلار توققۇز پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ، باشقىلىرى پورتۇگالىيىچە، ئىنگلىزچە ياكى باشقا چەت ئەل تىللىرىدا سۆزلەيدۇ. پورتۇگالىيىلىكلەر ۋە چەت ئەللىكلەر ئاۋمېننى "ماكاۋ" دەپ ئاتايدۇ.

# ھۆكۈمىتىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ئىسمائىل ئەھمەد ماراكەش پادىشاھى ھەسەن II نىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: ماراكەش پادىشاھى ھەسەن II جىددىي خاراكتېرلىك ئۆپكە ياللۇغى كەلتۈرۈپ چىقارغان يۈرەك كېسەللىكى بىلەن بۇ يىل 7-ئاينىڭ 23-كۈنى ۋاپات بولدى. ھەسەن II ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 38 يىلدىن بېرى، ماراكەش مىللىي مۇستەقىللىقىنى قوغداش ۋە ئىگىلىك تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈش ھەمدە خەلقئارالىق مۇرەككەپلىكلەرنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىش ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىپ، دۆلەت ئىچىدە ۋە خەلقئارادا يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولغانىدى. ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ رەھبەرلىرى تەزىيە تېلېگراممىسى، تەزىيە مەكتۇپلىرىنى ئەۋەتىپ ياكى نۇتۇق سۆزلەپ، ھەسەن II پادىشاھنىڭ پەۋقۇلئاددە ھاياتىنى يۇكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەشتى، ئۇنى ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى، ھازىرقى خەلقئارا جەمئىيەتتىكى بىر ئاتاقلىق رەھبەر دەپ ئاتاشتى.

پادىشاھ ھەسەن II نىڭ دەپنە مۇراسىمى 7-ئاينىڭ 25-كۈنى چۈشتىن كېيىن ماراكەشنىڭ پايتەختى راباتتا ئۆتكۈزۈلدى. 37 دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى 70 نەچچە دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى دەپنە مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە فرانسىيە زۇڭتۇڭى شىراك، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كلىنتون، مىسىر زۇڭتۇڭى مۇبارەك، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئاننان، پەلەستىن رەھبىرى ئەرەفات، ئالجىرىيە زۇڭتۇڭى تافلىكا قاتارلىقلار بار. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدمۇ ئالايىتەن بېرىپ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى. دەپنە مۇراسىمى بەش سائەتتەك داۋاملاشتى. ھەسەن II نىڭ قۇرئان ئايەتلىرى نەقىشلەنگەن قارا يوپۇق يېپىلغان تاۋۇتى شاھ ئوردىسىدىن ئېلىپ چىقىلغاندا، ئوردا ئىشكى ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان 100 مىڭلىغان ماراكەش خەلقى قاتتىق قايغۇ-ھەسرەت يىغىسى ئىچىدە

بۇددا دىنى، كاتولىك دىنى ۋە خرىستىئان دىنى ئاۋمېنلىقلار ئېتىقاد قىلىدىغان ئاساسلىق دىنلاردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا يولچىلىق دىنى (داۋ دىنى)، باھائىيە دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ بار. بۇنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئاۋمېنلىقلارنىڭ 80 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلىدۇ، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار توققۇز پىرسەنتنى، خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بولسا ئاران 0.5 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ.

ئاۋمېندا مۇسۇلمانلار كۆپ ئەمەس، ئاران 300 دەك مۇسۇلمان بار، ئۇلار ئاساسەن ھىندىستان، پاكىستانلىق مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۇنىڭدىن سىرت ئادەتتە كېلىپ-كېتىپ تۇرغان مۇسۇلمانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئاۋمېندا ئاران بىر مەسچىت ۋە ئۇنىڭ يېنىدا مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى بار، ئىسلام جەمئىيىتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئاۋمېندا تۇغۇلغان پاكىستانلىق ئىبراھىم شى يىگو ئەپەندى رەئىسلىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ شياڭگاڭ مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق بولۇپ، ئاۋمېن ئىسلام جەمئىيىتى شياڭگاڭ ئىسلام بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، ئاۋمېن مۇسۇلمانلىرىنىڭ جوڭ قۇرۇقلۇق مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ قويۇق. 1997-يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەنشۇبېي ئاخۇن باشچىلىقىدىكى سەككىز كىشىلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى ئاۋمېندا زىيارەتتە بولغانىدى، بۇ يىل 9-ئايدا ئاۋمېن ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى شياڭگاڭ ئىسلام بىرلەشمىسى ۋەكىللىرى ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئىچكىرىگە كېلىپ، بېيجىڭ، شاڭخەي، سۇجۇ قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولدى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئاۋمېن ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، خۇددى شياڭگاڭدىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئوخشاشلا "ئۈچ ئۆزئارا" (ئۆزئارا تەۋەلىكتە بولماسلىق، ئۆزئارا ئارىلاشماسلىق، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش) پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىدۇ. ئىنشائاللا! ئاۋمېن مۇسۇلمانلىرى بىلەن جوڭ قۇرۇقلۇق مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قويۇقلاشقۇسى.

ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك پادىشاھى بىلەن ئاخىرقى رەت ۋىدالاشتى. ئاندىن پادىشاھنىڭ تاۋۇتى ئۈستى ئۇچۇق ماشىنىغا سېلىنىپ، يېڭى پادىشاھ مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن، شاھزادە مەۋلەي رەشىد ۋە باشقا پادىشاھ جەمەتى ھەم ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئاستا سۈرئەتتە ھەسەن II نىڭ دادىسى مۇھەممەد V نىڭ قەبرىگاھىغا ئېلىپ مېڭىلدى. ماراكەشنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۆزلۈكىدىن كەلگەن ئىككى مىليوندەك ئاما يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ، ئىنتايىن قايغۇلۇق كەيپىياتتا ئۆزىنىڭ قەدىرلىك پادىشاھى بىلەن ۋىدالاشتى. دەپنە قوشۇنى پادىشاھ ئوردىسىدىن قەبرىگاھقىچە بەش كىلومېتىردەك ئارىلىقتا پىيادە مېڭىپ باردى.

ھەسەن II نىڭ تاۋۇتى مۇھەممەد V نىڭ قەبرىگاھىغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن نامىزى چۈشۈرۈلدى، ئاندىن مۇھەممەد V نىڭ قەبرىگاھى ئىچىگە دەپنە قىلىندى.

دەپنە مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ماراكەشنىڭ يېڭى پادىشاھى مۇھەممەد VI جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ئىسمائىل ئەھمەد بىلەن سەمىمىي، دوستانە سۆھبەتلەشتى. ئىسمائىل ئەھمەد ئالدى بىلەن رەئىس جياڭ زېمىنغا ۋاكالىتەن، مۇھەممەد VI غا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ پادىشاھ جانابلىرىغا، پادىشاھ جەمەتىگە، ماراكەش ھۆكۈمىتىگە ۋە خەلقىگە بولغان چوڭقۇر تەزىيىسىنى ۋە سەمىمىي ھال سوراش كۆڭلىنى يەتكۈزدى. مۇھەممەد VI : "ماراكەش-جۇڭگو ئىككى دۆلەت ئارىلىقى شۇنچە يىراق بولسىمۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە پەۋقۇلئاددە ئەلچى ئەۋەتىپ دادام ھەسەن II پادىشاھنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتۇرۇپ، ماراكەش خەلقىنىڭ قايغۇسىغا ھەمدەمدە بولغانلىقىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم" دېدى.

دەپنە مۇراسىمى جەريانىدا، ئىسمائىل ئەھمەد ماراكەش باش ۋەزىرى يۇسۇف ۋە پالاتا باشلىقى رازىلارغىمۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ھال سوراش كۆڭلىنى بىلدۈردى، ئۇلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ئەۋەتىپ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتۇرغانلىقىغا چىن دىلىدىن تەشەككۈر ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە بۇنى ئىككى دۆلەت دوستلۇق مۇناسىۋىتى ۋە ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر دوستلۇقنىڭ گەۋدىلىنىشى دەپ ھېسابلىدى. ئىسمائىل ئەھمەد دەپنە مۇراسىمى مەزگىلىدە يەنە نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

ماراكەش ھۆكۈمىتى مەملىكىتىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ئەۋەتىپ پادىشاھ ھەسەن II نىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتۇرغانلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قارىدى، ئىسمائىل ئەھمەدنى ئالىي دەرىجىدە كۈتۈۋالدى، ئايرودرومدا داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزدى، قاتناش ۋە دېڭىز-ئوكيان نەقلىياتى ۋەزىرى، ئېنېرگىيە ۋە كان-سانائەت ۋەزىرى، ئاممىۋى تارماقلار ۋە خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ۋەزىرى قاتارلىقلار ئايرودرومغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى.

ئىسمائىل ئەھمەد يەنە ماراكەشنىڭ چوڭ ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار پەۋقۇلئاددە ئەلچى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئەھۋالىنى ۋە مۇخبىرلارغا قىلغان سۆزلىرىنى تەپسىلىي خەۋەر قىلدى.

پادىشاھ ھەسەن II جۇڭگو خەلقىگە، جۈملىدىن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ئەزەلدىن قىزغىن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەندى. ھەر يىلى ھەسەن II گە ئاتالغان لېكسىيە يىغىنىغا بىردىن ئىككىگىچە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۆلىما-ئالىملىرىنى ماراكەشكە تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرۇپ كەلگەندى، شۇڭا پادىشاھ ھەسەن II نىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى دەرھال ئالاھىدە تېلېگراما يوللاپ، ئۇنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى، ئالللاتائالادىن ئۇنىڭ ئورنىنى جەننەتتىن قىلىشنى تىلىدى، شۇنداقلا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋەن ياۋبىن، ما شيەن، ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجىلار ماراكەشنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا بېرىپ ئالاھىدە تەزىيە بىلدۈردى ۋە ھال سورىدى.

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى

# ئەھمەد ۋاجىدى ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: 5-، 6-، 7- ۋە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، 7- ۋە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئەھمەد ۋاجىدى كېسەل بولۇپ، 1999-يىل 7-ئاينىڭ 11-كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە 93 يېشىدا خۇدانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

ئەھمەد ۋاجىدى 1906-يىلى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاستانا يېزىسىدا تۇغۇلغان، دەسلەپتە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، ئۇنىڭدىن كېيىن پەننىي مەكتەپكە كىرىپ، 1931-يىلى تۇرپاندىكى "مۇھەممەتيار" مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن، تۇرپان ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئالغا سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، "جاھانگىرلىككە قارشى ئىتتىپاق"نىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن تا 1949-يىلغىچە قۇمۇل، ئۈرۈمچى، لەنجۇ ۋە شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا سودا-تىجارەت نامى ئاستىدا يەر ئاستى ئىنقىلابىي خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقئارا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇش يولىدا كۆرەش قىلىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. لەنجۇدا لەنجۇ-شىنجاڭ "ئىدىقۇت" شىركىتى تەسىس قىلىپ، بۇ شىركەتكە باش مۇدىر بولغان، شاڭخەيدە پاي قوشۇپ "تۇڭخې" ئاۋىئاتسىيە ترانسپورت شىركىتى تەسىس قىلىپ بۇ شىركەتكە باش مۇدىر، قوشۇمچە لەنجۇ شۆبە شىركەتكە مۇدىر بولغان. بۇ ئارىلىقتا يەنە ئىلگىرى-كېيىن ئۈچ نۆۋەت تۈرمىگە چۈشۈپ، گومىنداڭ تۈرمىسىدە يەتتە يىل ياتقان. ئازادلىق ھارپىسىدا لەنجۇنىڭ ئازادلىقى يولىدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە پائال قاتناشقان. 1949-يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىش يۈرۈشىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، پېڭ دېخۇەي، ۋاڭ جېنلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭغا كىرىش خىزمەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ شىنجاڭغا بارغان. 1950-يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ يەرلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى (ھازىرقى پارتىيە مەكتىپى)نى قۇرۇشقا قاتناشقان ۋە شۇ مەكتەپتە ئىلمىي باشقارما مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئالاقە باغلاش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان ۋە لەنجۇغا يۆتكىلىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ لەنجۇدا تۇرۇشلۇق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئارىلىقتا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلىنىپ، باشلامچىلىق بىلەن نۇرغۇن ماددىي ياردەم بېرىپ، جەمئىيەتتە ئىنتايىن زور تەسىر قوزغىغان. 1954-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن يەنە شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كەلگەن ۋە ئۈرۈمچى مېھمانخانىسىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق پولات زاۋۇتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن خىلمۇخىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە ئۇنىڭ پېڭ دېخۇەي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن تا 1979-يىلغىچە 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۇۋالچىلىققا ئۇچراپ بىھۇدە ئازاب چەككەن. دەسلەپتە شىنجاڭ ئورمانچىلىق نازارىتى ياغاچچىلىق زاۋۇتىغا باشلىق بولۇپ، 1979-يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1981-يىلدىن تارتىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە 1993-يىلى جەمئىيەتنىڭ

مەسلىھەتچىسى بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلامىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان ۋە بۇ ئارىلىقتا كۆپ قېتىم ئىسلام ئەللىرىگە بېرىپ دوستانە زىيارەتتە بولغان.

ئەھمەد ۋاجىدى 1995-يىلى مەركەزدىن مۇئاۋىن مىنىستىر دەرىجىلىك (مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك) كادىر قىلىپ بېكىتىلىپ، 1997-يىلى شىنجاڭغا قايتىپ ماكانلاشقان.

ئەھمەد ۋاجىدى شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۇنى يوقلاپ ئۇنىڭدىن ھال سورىغانىدى. ئۇ كېسەل ياتقان چېغىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى چېن دېمىن قاتارلىقلار دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلىغانىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، ئەھمەد ۋاجىدىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىدىن ھال سورىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ، دائىمىي ئەزالىرى چېن دېمىن، ئابدۇرەھىم ھامىد، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى مىجىت ناسىر، غوجىخان ھاكىمۇف، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسرىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ گويىنىڭ قاتارلىق پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ پەخرىي مۇدىرى ئابدۇللا داموللا ھاجى ھەم ھەر مىللەت، ھەر ساھە كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئەھمەد ۋاجىدىنىڭ جەستى بىلەن ۋىدالاشتى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىدىن سەممىي ھال سورىدى.

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، گەنسۇ ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە قاتارلىق ئورۇنلار تەزىيە تېلېگراممىسى يوللىدى. ئەھمەد ۋاجىدىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوست-يارەنلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىزى، ياڭ جىڭرېن قاتارلىقلار تېلېفون بېرىپ تەزىيە بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىدىن ھال سورىدى.

ئەھمەد ۋاجىدىنىڭ جىنازا نامىزى 7-ئاينىڭ 13-كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ياڭخاڭ مەسچىتىدە چۈشۈرۈلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى شىرىپجان داموللا ھاجى جىنازا نامىزىنى چۈشۈردى. ھەر مىللەت، ھەر ساھە مۇسۇلمانلىرىدىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەم جىنازا نامىزىغا قاتناشتى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى ئۈرۈمچىگە بېرىپ، مەرھۇم ئەھمەد ۋاجىدىنىڭ نەزىرىگە قاتناشتى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتىدىن ھال سورىدى؛ ئەھمەد ۋاجىدى ۋاپاتىنىڭ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن نەزىرىگە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىگە ۋاكالىتەن ئۇنىڭ رەپىقىسى ئايىم ئەزىز خانىم، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، ئابدۇرەھىم ئىمىن قاتارلىقلار، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ھەم بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان شىنجاڭلىقلار بولۇپ 300 دىن ئارتۇق ئادەم داخىل بولدى.

مەرھۇم ئەھمەد ۋاجىدى ئۆز ھاياتىدا توغرا ئىستىل، ئاددىي-ساددا تۇرمۇش ئادىتىگە، كەمتەر، سېخىي، كەڭ قورساق، كۆيۈمچان بولۇشتەك ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە بولغاچقا، ئاما ئارىسىدا جۈملىدىن كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۇقىرى ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانىدى. ئۇنىڭ ھاياتى پاك ھەم ئۇلۇغ ھايات، ئۇنىڭ روھى قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

ئاللاتائالا ئۇنىڭ ئورنىنى جەننەتتىن قىلغاي، ئامىن!

# ئىسلام دىنى ۋە نىكاھ

شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد

## 1. نىكاھ دېگەن نېمە؟

نىكاھ ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن تەڭ تىلىمىزغا كىرىپ ئۆزلەشكەن. نىكاھ سۆزى لۇغەتتە: قوشماق، قوشۇلماق، جەملىمەك، جەم بولماق، ئارىلاشماق، سىڭمەك، يات جىنسلىقلار "بىر يەردە" بولماق دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛ ئىستېمالدا (شەرىئەتتە): ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ باغلىنىشى، يەنى ئىسلام شەرىئىتىگە مۇۋاپىق رەۋىشتە، ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئىپپەتلىك بولۇش، مەڭگۈ بىرگە ياشاش، بىر-بىرىدىن ئورتاق مەنپەئەتلىنىش ۋە ياراملىق ئەۋلاد قالدۇرۇش مەقسىتىدە، بەختلىك ئائىلە قۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلىك گۇۋاھچىلار ئالدىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئەر-خوتۇن بولغانلىقىغا ئىختىيارىي ھالدا، بىردەك قوشۇلۇپ ئىپادە بىلدۈرۈشى نىكاھ دەپ ئاتىلىدۇ.

## 2. نىكاھنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

نىكاھ(توي قىلىش) ئاللاتائالا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بىر شەرئىي مىزان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبى ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"نىكاھ مېنىڭ سۈننىتىم** (يولۇم)، **كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس"** (بۇخارى رىۋايىتى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى، ئەگەر باشقا بىر يولنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ئەلا بىلىپ يۈز ئۆرۈگەن بولسا، ئۇنداق كىشى ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ؛ ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش نۇقتىسىدىن، توي قىلماي يالغۇز ئۆتۈپ، ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلىپ ئۆتۈشنىلا مەقسەت قىلىپ، توي قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەن بولسا، ئۇ كىشى بىدئەت (دىندا يوق) ئىشنى پەيدا قىلغان بولىدۇ، بۇنداق ھالەتتە، ئۇ ئاللاتائالا ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ، بۇ دۇنيادا ئورۇنسىز جاپا تارتىپ، ئاخىرەتتە ئازابقا دۇچار بولىدۇ، چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئەمەل-ئەھكاملارنى تەسلەشتۈرۈۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ. دىننى تەسلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان كىشى ئۆزىنى بىھۇدە ئاۋارە قىلغان بولىدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەندەك: **"بۇ دىن ئاساندۇر، ھېچكىم بۇ دىننى تەسلەشتۈرەلمەيدۇ. ئەگەر تەسلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنسا، دىن ئۇنى يېڭىپ چۈشىدۇ. نورمال بولۇڭلار، ھەققە يېقىنلىشىڭلار، ئەتىگەن-كەچتە ۋە كېچىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدا ئاللادىن ياردەم تەلەپ قىلىڭلار!"** (بۇخارى رىۋايىتى).

ئىسلام دىنىدا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ مۇئەييەن تەرزى بولۇپ، كىشىلەر شۇ تەرزە بويىچە ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇلغان. كىشىلەر دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، قانچە ئىخلاس قىلىمەن دېسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەرگىز ئېشىپ كېتەلمەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئۈلگىسىدۇر. ئاللاتائالا ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ۋە ئۇنىڭ تۇتقان يولىنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: **" سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن "** (68-سۈرە «قەلەم»، 4-ئايەت). **"سەن توغرا يولدا سەن"** (36-سۈرە «ياسىن»، 4-ئايەت).

«سەھىھۇلبۇخارى»دا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى زىكرى قىلىنىدۇ: "ئۈچ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىدىغان تائەت-ئىبادىتىنى سورىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائەت-ئىبادىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى ئاز ساناپ، ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى ۋە ئاخىرقى گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەن تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلەيتتۇق، دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى: مەن ھەمىشە كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ چىقىمەن، دېدى. يەنە بىرى: مەن ھەمىشە روزا تۇتىمەن، ھەرگىز ئېغىزىم ئوچۇق يۈرمەيمەن، دېدى. يەنە بىرى: مەن ئاياللاردىن يىراق بولىمەن، ھەرگىز ئۆيلەنمەيمەن، دېدى. رەسۇلۇللا كېلىپ ئۇلارغا: ’**سىلەر مۇنداق دېيىشىلەر، ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە قارىغاندا، ئاللادىن بەك قورقىمەن ۋە ئەڭ تەقۋادارمەن، روزا (نەفلى روزا) نىمۇ بەزىدە تۇتىمەن، بەزىدە تۇتمايمەن، كېچىسى ھەم ناماز ئوقۇيمەن، ھەم ئۇخلايمەن، خوتۇننىمۇ ئالىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس**‘ دېگەنىدى”.

دېمەك، توي قىلىش ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن توي قىلىشقا قادىر بولالىغان كىشىلەر ئۈچۈن، يەنى توي قىلمىسا زىنايىھارامغا يېقىنلاشماسلىققا ئىشەنچىسى بولمىغان، ئەگەر توي قىلسا ئاياللىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالىغان كىشىلەر ئۈچۈن سۈننەتتۇر.

ئەگەر كىشى زادى توي قىلمىسا زىنايىھارامغا يولۇقۇپ قېلىشتىن قورقسا، توي قىلىشقا قۇربى يەتسە، شارائىتمۇ تولۇق بولسا، بۇنداق كىشىنىڭ دەرھال توي قىلمىقى پەرزدۇر. شۇڭا مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرغان كىشى توي قىلمىسا گۇناھكار بولىدۇ.

ئەگەر كىشى توي قىلسا، ئاياللىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلالماسلىق ئېھتىمالى بولسا، ياكى ئايالىغا زۇلۇم قىلىپ قويۇش ئېھتىمالى بولسا، شۇ سەۋەبلىك گۇناھكار بولۇپ قېلىش گۇمانى بىلەن ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمىسا، بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ كىشىنىڭ توي قىلىشى ھارامدۇر. چۈنكى بۇ زۇلۇمدۇر، شۇنداقلا ئاياللارغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر، زۇلۇم ھارامدۇر.

ئەگەر كىشى زىنا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىسە، بىراق دەرھال توي قىلىشقا شارائىتى يار بەرمىسە، يەنى مەھرى ھەققى ۋە مەئىشەت تەمىناتىغا قىلىنىدىغان سەرپىياتنى ھالال كەسىپ مەنبەئىگە ئىگە قىلالمىسا، ئۇ كىشى، بۇنداق ھالەتتە ئۆزىنىڭ شەھۋانىي نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنى ھارامدىن ساقلىشى لازىمدۇر. يەنى روزا تۇتۇش ئارقىلىق شەھۋانىي نەپسىنى تىزگىنلىشى لازىمدۇر، ئەگەر روزىمۇ تۇتالمىسا، لېكىن توي قىلىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولسا، مەھرىنى ئايال كىشى رازى بولغان ئەھۋال ئاستىدا نېسى قويۇشى، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن قەرزىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ھالال ئەمگەك قىلىشى، ھالال كەسىپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك. مۇشۇ ئارقىلىق ئۇ ئادەم ئۆزىنى ھارامغا يېقىنلاپ قېلىشتىن ساقلاپ قالالايدۇ. ”**ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسۇق بولمىسۇن)، ئاللا ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ، ئاللانىڭ (كەرىمى) كەڭدۇر، (ئاللا) بەندىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى بىلگۈچىدۇر. ئۆيلىنەلمەيدىغانلار ئاللا ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئېپپەتلىك تۇتسۇن**“ (24-سۈرە «نۇر»، 32—33-ئايەتلەر). ”**ئى ياشلار جامائەسى! سىلەردىن توي قىلىشقا قادىر بولالىغانلىرىڭلار توي قىلسۇن! توي قىلىش كۆزنى ۋە جىنسىي ئەزانى ھارامدىن ساقلاپ قالىدۇ. توي قىلىشقا قادىر بولالمىغانلار روزا تۇتسۇن! روزا تۇتۇش ئۇنىڭ ھەۋىسىنى پەسەيتىدۇ**“ (بۇخارى رىۋايىتى). ”**كىمكى كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكىنى قايتۇرۇپ بېرىش نىيىتىدە (قەرز) ئالسا، ئاللا ئۇ كىشىنى ئۇ (قەرز)نى ئادا**

**قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ. كىمكى ئۇنى بۇزۇۋېتىش (بەرمەسلىك) نىيىتىدە ئالسا، ئاللا (ئۇ مال) نى هالاك قىلىۋېتىدۇ»** (بۇخارى رىۋايىتى).

مەزكۇر هۆكۈملەر قارىماققا ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتىلغاندەك تۇرسىمۇ، ماهىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوبيېكتلارنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن — مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن — هادىسىنىڭ قايسى ئوبيېكتتىن يۈز بېرىش ئېهتىماللىقى نەزەرگە ئېلىنىپ تەتبىقلىنىدۇ. مەزكۇر هۆكۈملەرنىڭ ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇشى مەزكۇر هادىسىلەرنىڭ ئەرلەردە بىرقەدەر كۆپرەك يۈز بېرىپ، ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغانلىقىغا سىمۋول خاراكتېرلىك بىر خىل ئىشارەت تۇسى بولۇشى مۇمكىن.

**3. توي قىلىشنىڭ مەقسىتى**

توي قىلىش ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتلىرىنىڭ مۇهىم كاپالەتلىرىدىن بىرىدۇر، نۇرغۇن ئېسىل غايە-مەقسەتلەرنىڭ، گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلەرنىڭ بىر ۋاسىتىسىدۇر. توي قىلىشنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەقسىتى ياخشى پەرزەنت كۆرۈش ۋە هارامدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت.

**1) پەرزەنت كۆرۈش**

توي قىلىشنىڭ بىرىنچى مەقسىتى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان، جەمئىيەتكە پايدىلىق بولغان، ئىسلامى ئېتىقاد ۋە ئەدەپ-ئەخلاققا ئىگە، چىن دىيانەتلىك ياخشى پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىش، جۈملىدىن ئەنە شۇ ئارزۇنىڭ مۇرادىنى پەقەتلا ئاللادىن تىلەشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. **«ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار. ئۇ پەرىشتىلەر ئاللانىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ»** (66-سۈرە «تەھرىم»، 6-ئايەت). **«ئۆيلىنىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ كۆپلۈكۈڭلار بىلەن باشقا ئۈممەتلەرگە پەخىرلىنىمەن»** (تىرمىزى رىۋايىتى). **«ئىنسان ئۆلۈپ كەتسە، سەدىقە جارىيە، پايدىلىق ئىلىم ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنتتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدىن باشقا بارلىق ئەمەللىرىدىن توختاپ قالىدۇ»** (مۇسلىم رىۋايىتى) **«ماللار ۋە باللار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىنىتىدۇر»** (18-سۈرە «كەهف»، 46-ئايەت).

**2) هارامدىن ساقلىنىش**

توي قىلىشنىڭ يەنە بىر مەقسىتى ئۆزىنىڭ جىنسىي ئېهتىياجىنى هالالدىن قاندۇرۇش ئارقىلىق هارامدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت. جىنسىي ئېهتىياجنى ئۆزىنىڭ شەرىئەت هۆكۈمى بويىچە هالاللاپ ئالغان ئايالى بىلەن ئورتاق ئادا قىلىش ئادەمنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر كىشى ئۆيلىنىشتە پەقەت ئۆزىنىڭ جىنسىي ئېهتىياجىنىلا قاندۇرۇش نىيىتىدە بولسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ هايۋاندىن هېچ پەرقى بولمىغان بولىدۇ. شۇڭا، توي قىلىشتىكى مەقسەت ئۆزىنى هارامدىن ساقلاش ئارقىلىق پاك، ئىپپەتلىك بولۇشنى نىيەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. دېمەك، هارامدىن ساقلىنىش، ئىپپەتلىك بولۇش نىيىتىدە ئۆيلەنگەن كىشى توي قىلىش ئارقىلىق چوقۇم پاك-ئىپپەتلىك ئىنسان بولالايدۇ. لېكىن توي قىلىشتا پەقەت ئۆزىنىڭ شەهۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇشلا مەقسەت قىلىنىدىكەن، ئۇنداق ئادەم توي قىلىش ئارقىلىقمۇ ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى باسالمايدۇ ھەم هارامدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ نىيىتىدە هارامدىن ساقلىنىش، هالال بىلەن شۇغۇللىنىش ئىرادىسى بولمىغاچقا، ئۇنىڭدا قانائەتمۇ، ئىنساپمۇ، ھەتتا چىن ئىمانمۇ بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزى تويسىمۇ كۆزى تويمايدۇ. ئۇنى پەقەت ھەقىقىي ئىماندىن كەلگەن قانائەتلا تويغۇزالايدۇ.

توي قىلىشتىكى غايە-مەقسەتلەر ناھايىتى كۆپ. بىز بۇ يەردە پەقەت ئاساسىي مەقسەت بولغان

ئىككى مەقسەتنىلا قەيت قىلىپ ئۆتتۇق.

### 4. نىكاھنىڭ ئەھمىيىتى

ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جاھىلىيەت (ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى) دەۋرىدە نىكاھ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل تىجارەت مۇئامىلىسى بولۇپ، ئۇ پەقەت بەدەننىڭ شەھۋانىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىنلا ئىبارەت ئىدى. ھالبۇكى، ئىسلامىيەت بۇ ئىشلارغا خاتىمە بېرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي ساپلىقىنى ساقلاپ قالىدىغان، كىشىلەر قەلبىگە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدىغان، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق، مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق پەيدا قىلىدىغان بىر خىل نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ بەردى.

نىكاھ ئىسلام دىنىدا ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەھكەم ئەھدىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنى " **ئۆزئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئاياللار سىلەردىن ( نىكاھ ئەقدىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟** " (47-سۈرە «نىسا»، 21-ئايەت) دېگەن ئايەتتىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مۇستەھكەم ئەھدە دېگىنىمىز ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. نىكاھتىن ئىبارەت ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئەھدە ئۇلارنىڭ بىر-بىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى، مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ جەھەتتىن، "مۇستەھكەم ئەھدە" يەنى "نىكاھ" دېگەن سۆز بىر-بىرىنى قوغداش، بىر-بىرىنى سۆيۈش، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرگە تەتبىقلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نىكاھ سودا-سېتىققا ئوخشاش باشقا ئىجتىمائىي مۇئامىلىلەرگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ مۇناسىۋىتى كۆڭۈل ئارام تاپىدىغان، مۇھەببەت، مېھرىبانلىق، خاتىرجەملىك ۋە ئاراملىققا تويۇنغان مۇناسىۋەتتۇر. "**ئاياللار بىلەن ئۇنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر-خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر**" (30-سۈرە «رۇم»، 21-ئايەت). بۇ ئايەتتە زىكرى قىلىنغان ئۇنسى-ئۈلپەت پەقەت ئەر-خوتۇنلار ھېس قىلالايدىغان مېھىر-مۇھەببەتنى، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئاتا قىلىدىغان ئىشقى رىغبىتىنى، قىسقىسى، ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىلا بولىدىغان ئىزگۈلۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى پاساھەت-بالاغەتلىك ئىبارە بولۇپ، ئۇ قەلب ۋە مەپكۇرىدىكى ئەڭ زور ئىزتىراپ، تەشۋىش، ۋەھىمە، غەلىيانلارنى پەسەيتىدۇ ۋە تۈگىتىدۇ. مەزكۇر ئايەتتە يەنە ئاللاتائالانىڭ نىكاھ ئارقىلىق ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىغا مەڭگۈ بۇزۇلماس دوستلۇق، مۇھەببەت، كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىق ئاتا قىلغانلىقى (بەزى ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ داۋام قىلالماسلىقى نىسپىي ئەھۋال، ئەمما، ئۇلار ئامال بولمىغاندا ئاجرىشىپ، ئىككىنچى قېتىم تويلىشىدۇ، ئۇلار يەنىلا نىكاھ ئارقىلىق مۇھەببىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ)، ئەكسىچە، نىكاھ مۇناسىۋىتى بولمىغان ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى شەھۋانىي ھېسسىيات ئۈلپەتلەشتۈرگەن مۇھەببەتنىڭ ناھايىتى تېزلا گۇمران بولىدىغانلىقى ئاللاتائالانىڭ قۇدرەت كامالى ۋە چەكسىز كەرەمىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى زاھىر بولىدۇ.

ئەر-ئايال ئۆزئارا بىر-بىرىگە كىيىمدۇر يەنى بىر-بىرىنى ياپىدىغان پەردە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. "**ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر (يەنى ئۇلار سىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدۇ ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىدۇ)، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك**

يېپىشسىلەر)"(2-سۈرە «بەقەرە»، 187-ئايەت).

بۇ ئايەتتە ئەر-ئايال ئىككىلىسى كىيىمگە ئوخشىتىلغان، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆز ھەمراھىغا بولغان ئېھتىياجى خۇددى كىيىمگە بولغان ئېھتىياجىغا ئوخشاشتۇر. كىيىم بەدەندىكى ئەۋرەت ۋە ئەيىبلەرنى يېپىش، بەدەننى ئاسراش ۋە بەدەن زىننىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغىنىدەك، ھەربىر ئەر-ئايال ئۆز جورىسىنىڭ شان-شەرىپىنى، ئىناۋەت-ئابرۇيىنى قوغداشتا ۋە ئۆز ھەمراھىنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە سالامەتلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا بىر-بىرىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ھاسىل كالام، كىيىم-كېچەك ھايۋانلار بىلەن ئىنسانلارنى پەرقلەندۈرىدىغان، بىر خەلقنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق ساپاسىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم بىر ئالامەت بولغىنىدەك، نىكاھمۇ ھايۋانلار بىلەن ئىنسانلارنى پەرقلەندۈرىدىغان، بىر خەلقنىڭ مەدەنىيەتلىك ۋە ئەخلاقلىق خەلق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم ئالامەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە، نىكاھسىز ئۇلپەتداشلىق ھايۋانلىقنىڭ ۋە مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئىسلام دىنىدا تويلاشقۇچىلارنىڭ ئۆز جورىلىرىغا نىسبەتەن دىن-دىيانەت، ئەدەپ-ئەخلاق قاتارلىق جەھەتلەردە ھەمتەڭ سەۋىيىدە بولۇشى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. **"يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر. ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى ئاياللارغا لايىقتۇر"** (24-سۈرە «نۇر»، 26-ئايەت). "خىلى خىلى بىلەن، گۈلى گۈلى بىلەن" دېگەندەك پاك، ئېسىل، ياخشى ئەر-ئاياللار ھەرقاچان ئەخلاقسىز، يامان ئەر-ئاياللارنى ئۈچرىتىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ، ھەر ۋاقىت ئۇلارغا دىن-دىيانەت، شان-شەرەپ، ئەدەپ-ئەخلاق قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە تەڭ كېلىدىغان ئېسىل جورىلار تەييار بولىدۇ. بۇ خىل ھالەت ناچار كىشىلەرنىڭ ئېسىل كىشىلەرگە ئايلىنالىشىغا ئالاھىدە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىمۇ بىر قىسىم ياشلارنىڭ نىكاھتىن بۇرۇن بىر تۆشەكتە بولۇش ئەھۋاللىرى (پراكتىكا نىكاھ)، ھەتتا بويىدا قېلىپ، تۇغۇشقا ئاز قالغاندا توي قىلىپ ئىشنى تۈگىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. تېخى ئۇلار ئىشنى ئۆزلىرى تۈگەتىسىغۇ بىر گەپ، بىراق، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن بىخەۋەر ئىككى تەرەپ ئائىلىسىنى بۇلغاشلىرى، ئۇلاردا ئىپپەتكە قويۇلغان تەلەپنىڭ ئاجىزلىقى ياكى بولماسلىقى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ. بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ نىكاھنىڭ پاكلىقتىن ئىبارەت تۈپ ماھىيىتىگە ئېغىر دەرىجىدە سەلبىي تەسىرى بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا تونۇتۇش ھەم ئىسلامىيەت ۋە مىللىتىمىزگە زىت بولغان بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ جۈملىدىن ھەربىر مۇسۇلمان ئۇيغۇرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى، ئەلۋەتتە.

دىن-دىيانەت، ئەدەپ-ئەخلاق جەھەتتىكى ئوخشاشلىقنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان خاتىرجەملىك توغرا دىنىي تەلىم-تەربىيىنىڭ مەھسۇلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە **"كىشىلەر ئايال كىشىلەرنى تۆت نەرسىگە قاراپ ئالىدۇ: ئۇنىڭ بايلىقىغا، ئۇنىڭ چىرايىغا، ئۇنىڭ نەسەبىگە ۋە ئۇنىڭ دىيانىتىگە. سەن دىيانەتلىكىنى تاللىغىن، بولمىسا زىيان تارتىسەن"** دېگەنىدى (بۇخارى رىۋايىتى).

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، نىكاھ ئىسلام دىنىدا ناھايىتى يۇكسەك ئورۇنغا ۋە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ئەر-ئايال ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنى ھارام ئىشلاردىن ساقلاپ قالالايدۇ. شۇنداقلا نەسلى-نەسەبىنىڭ پاك، ساغلام ھالدا راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. نىكاھ ئارقىلىق جەمئىيەتتە يامان، ناشايان ئىشلارنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئەگەر

نىكاھ بولمايدىغان بولسا، ئەر-ئاياللار ئارىسىدا ھەر خىل تېتىقسىزلىقلار، رەزىللىكلەر يۈز بېرىگەن ۋە ئومۇملاشقان بولاتتى. بىر-بىرىگە "يېقىنلىشىش" ھارام بولىدىغان ئەر-ئايال، نىكاھ ئارقىلىق بىر-بىرىگە ھالال بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر-بىرىگە تېگىشلىك بولغان ھەقلىرىدىن ئورتاق مەنپەئەتلىنەلەيدۇ؛ نىكاھ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىيىتى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ھەم ئاسرىلىدۇ؛ نىكاھ ئارقىلىق ئائىلىلەر، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت باغلىنىپ، كۆپلىگەن تونۇشمايدىغان يات كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇپ تۇغقان بولۇپ كېتىدۇ، ئاخىر بىر-بىرىدىن مىراس ئېلىشىدۇ؛ نىكاھ ئارقىلىق مېھىر-مۇھەببەتكە تولغان گۈزەل دۇنيا يارىتىلىدۇ، شۇنداقلا، ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي بەخت-سائادىتىنى روياپقا چىقارغىلى بولىدۇ.

## 5. قانداق ئاياللار بىلەن توي قىلىشقا بولمايدۇ؟

ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە قانداق ئاياللار بىلەن توي قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **"سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلەرنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلدەش ھەمشىرەڭلەرنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنى ئالساڭلار ھېچ باك يوقتۇر. يەنە ئۆز پۇشتىڭلاردىن بولغان باللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ۋە ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلار) ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئاللا ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئەرلىك ئاياللارنى ئېلىشمۇ سىلەرگە ھارام قىلىندى..."** (4-سۈرە «نىسا»، 23-24-ئايەتلەر).

**("ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغۇچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. (ھۆر) مۇشرىك ئايال (ھۆسن-جامالى ۋە مېلى بىلەن) سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دېدەك، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، (ھۆر) مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن قۇل، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. ئەنە شۇلار (يەنى مۇشرىك ئەر ۋە ئاياللار سىلەرنى) دوزاخقا چاقىرىدۇ، ئاللا ئۆز ئىرادىسى بويىچە (سىلەرنى) جەننەتكە، مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ، كىشىلەر پەند-نەسىھەت ئالسۇن دەپ ئاللا ئۇلارغا ئۆز ئايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 221-ئايەت).

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: **"غەيلان ئىبنى سەلەمە سەقەفى ئىسلامغا كىردى، ئۇنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە ئون خوتۇنى بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۇلاردىن تۆتىنى ئەمرىدە ساقلاپ قېلىشنى بۇيرۇدى"** (تىرمىزى رىۋايىتى).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"ئەر خوتۇنى بىلەن ئۇنىڭ دادا تەرەپ ھاممىسىنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىسا بولمايدۇ، شۇنداقلا خوتۇنى بىلەن ئۇنىڭ ئانا تەرەپ ھاممىسىنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىسىمۇ بولمايدۇ"** (بۇخارى رىۋايىتى).

بىز مەزكۇر ئايەت-ھەدىسلەردىن نىكاھىغا ئېلىش ھارام قىلىنغان ئاياللارنىڭ ئېلىش مەڭگۈلۈك ھارام قىلىنغان ئاياللار ۋە ئېلىش ۋاقىتلىق ھارام قىلىنغان ئاياللار، دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى، ئېلىش مەڭگۈلۈك ھارام

قىلىنىش نەسەب جەھەتتىن، ياكى ئېمىلدەشلىك جەھەتتىن ياكى سان جەھەتتىن بولىدىغانلىقىنى، ئېلىش ۋاقىتلىق هارام قىلىنىشىنىڭ مەلۇم سەۋەب-ئامىللار تۇپەيلىدىن بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر مەزكۇر سەۋەب-ئامىللار كۆتۈرۈلسە، هارام قىلىنىشمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## 6. نىكاھنىڭ شەرتلىرى

نىكاھنىڭ دۇرۇس باغلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر هازىرلىنىشى كېرەك:

1) نىكاھلانغۇچى ئەر-ئايال ۋە نىكاھ مۇراسىمىغا قاتناشقان گۇۋاھچىلار مۇسۇلمان بولۇشى لازىم.

2) نىكاھلانغۇچى ئەر-ئايال بىر-بىرىگە تېگىش-ئېلىش هارام قىلىنغانلاردىن بولماسلىقى كېرەك.

3) گۇۋاھچىلار هازىر بولۇشى كېرەك، نىكاھنىڭ دۇرۇس باغلىنىشى ئۈچۈن نىكاھ قىلىنغان سورۇندا ئىككى ئەر، ياكى بىر ئەر، ئىككى ئايال گۇۋاھچى هازىر بولۇشى لازىم.

4) تويلاشقۇچى ئەر-ئايالنىڭ رازىلىقى بولۇشى كېرەك، نىكاھنىڭ دۇرۇس باغلىنىشى ئۈچۈن ئەر-ئاياللارنى ئۆزلىرى خالىمىغان بىرسى بىلەن توي قىلىشقا زورلاشقا بولمايدۇ. ئىنسانلار جور تاللاشتا ئەركىنلىككە ئىگىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:" **چوكان ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئىگە بولۇشتا ئاتا-ئانىسىدىن ئۆزى ھەقلىقتۇر، قىزنىڭ رايى سورىلىدۇ، ئۇنىڭ رازىلىقى ئۇنىڭ سۈكۈت قىلغىنىدۇر❶**" (مۇسلىم رىۋايىتى).

5) ۋەلى قوشۇلۇشى كېرەك، ۋەلى دېگىنىمىز ئايال (قىز) نىڭ ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام " **نىكاھ پەقەت ۋەلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن دۇرۇس بولىدۇ**" دېگەن (تىرمىزى رىۋايىتى). بۇ شەرتنىڭ قويۇلۇشىدا ئايال (قىز) نىڭ مەنپەئىتى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلارنى ئاجىزلىقتىن، ساددىلىقتىن، گۆدەكلىكتىن ناچار ئادەملەرگە ئالدىنىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ (ئەگەر قىز ياخشى يىگىتنى تاللىسا، بۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا). قىزنىڭ رازىلىقى بىلەن ۋەلىنىڭ رازىلىقى بىردەكلىككە ئىگە بولغاندا، ئاندىن بۇ شەرت ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

6) نىكاھلانغۇچى ئەر-ئايال مۇئەييەن بولۇشى كېرەك، يەنى نىكاھنىڭ دۇرۇسلۇقى ئۈچۈن نىكاھلانغۇچى ئوبيېكتلار مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولۇشى، زەينەپنى كۆرسىتىپ، پاتەمنى نىكاھلاپ قويماسلىقى، يەنى نىكاھلانغۇچىلار ئالمىشىپ قالماسلىقى لازىم.

7) نىكاھ ئىبارىلىرى مەڭگۈلۈك ئېلىپ-تېگىشىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بولۇشى، ھەرگىز ۋاقىتلىق ئېلىپ-تېگىشىش مەنىسىنى ئىپادىلىمەسلىكى لازىم. بۇ ھەقتە سەبرە ئىبنى مەئبەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېيىنكى چاغلاردا مۇتئە❷ (ۋاقىتلىق نىكاھ) دىن توسقان**" (بۇخارى رىۋايىتى). بۇ ھەدىس ۋاقىتلىق ئۆيلىنىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

8) مەھرى مۇئەييەن بولۇشى كېرەك، نىكاھنىڭ دۇرۇسلۇقى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا مەھرى (تويلۇق) بېكىتىلىشى كېرەك. مەھرى بىر يۇرت، ھەربىر شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپىدىكى تويلۇقنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن

---

❶ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن هازىرقى زاماندا تويلاشقۇچى يىگىت-قىزلار ئۇلارنىڭ رايى سورالغاندا، ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى نىكاھ ئوقۇغۇچىغا گۇۋاھچىلار ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا بىلدۈرىدىغان بولدى. —تەھرىردىن.

❷ مۇتئە (نىكاھى مۇتئە) مۇددەت بەلگىلەپ ئۆيلىنىش دېمەكتۇر. مۇنداق ئۆيلىنىش جاھىلىيەت دەۋرىدە ۋە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا دۇرۇس ھېسابلىناتتى. لېكىن ھىجرىيىنىڭ 7-يىلى بۇ ئادەت شەرىئەت تەرىپىدىن چەكلەنگەن. —تەھرىردىن.

ئېشىپ كەتمەسلىكى زۆرۈر. تويلۇق قانچىكى ئاز بولسا، شۇنچە ياخشى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مەھرىنىڭ (تويلۇقنىڭ) ئېزى ئەڭ ياخشى مەھرىدۇر"، "ئاياللارنىڭ ياخشىسى مەھرى ئاز بولغىنىدۇر"، "تويىنىڭ ئاسان بولۇشى، ئايالنىڭ مەھرىنىڭ ئاز بولۇشى ئايالنىڭ بەرىكەتلىك ئىكەنلىكىدىندۇر" دېگەنىدى. ئەگەر ئايال كىشى ئەرنىڭ ماددىي بويۇمغا قۇربى يەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئەرنىڭ بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش بەدىلىگە توي قىلسىمۇ ناھايىتى ياخشى بولغىنى.

## 7. نىكاھنىڭ ئوقۇلۇش تەرتىپى ۋە نىكاھ باغلىنىدىغان ئىبارىلەر

بىز ماقالىمىزنىڭ بۇ بۆلۈكىدە، نىكاھ ئوقۇشتا ئىمام-خاتىپلىرىمىزغا ماتېرىيال جەھەتتىن ئازدۇر-كۆپتۇر ياردىمى تېگىپ قالار، دېگەن ئۈمىدتە، نىكاھ ئوقۇشتىكى تەرتىپلەرنى تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە ئۈلگە كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق تاپتۇق❶.

نىكاھ ئوقۇغۇچى ئالدى بىلەن " جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر. بىز ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز، ئاللادىن ياردەم تىلەيمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ يامانلىقلىرىمىزدىن ۋە يامان ئەمەللىرىمىزدىن ئاللادىن پاناھ تىلەيمىز. ئاللا كىمنى (شۇ كىشى ھەقنى تەستىقلىغانلىقتىن) توغرا يولغا باشلىسا، ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ. ئاللا كىمنى (شۇ كىشى ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقتىن) ئازدۇرسا، ئۇ كىشى توغرا يولغا باشلىغۇچى بولمايدۇ. بىز، بىر ئاللادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، دەپ شاھادەت (گۇۋاھلىق) ئېيتىمىز" دەپ بولۇپ تۆۋەندىكى ئايەت، ھەدىسلەرنى ئوقۇيدۇ:

"مەقسەتكە كەلسەك، ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: 'ئاللادىن پاناھ تىلەيمەن'، — 'ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسۇق بولمىسۇن)، ئاللا ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ. ئاللانىڭ (كەرىمى) كەڭدۇر، (ئاللا) بەندىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى بىلگۈچىدۇر. ئۆيلىنەلمەيدىغانلار ئاللا ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن ...' " (24-سۈرە «نۇر»، 32—33-ئايەتلەر).

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: 'ئۆيلىنىڭلار، باللىق بولۇڭلار، كۆپىيىڭلار! مەن ھەقىقەتەنمۇ قىيامەت كۈنى سىلەر بىلەن — گەرچە بويىدىن ئاجراپ كەتكەن بالا بولسىمۇ — پەخىرلىنىمەن' " (تىرمىزى رىۋايىتى).

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: 'ئى ياشلار جامائەسى! سىلەردىن توي قىلىشقا قادىر بولغانلىرىڭلار توي قىلسۇن! توي قىلىش كۆزنى ۋە جىنسىي ئەزانى ھارامدىن ساقلاپ قالىدۇ. توي قىلىشقا قادىر بولالمىغانلار روزا تۇتسۇن! روزا تۇتۇش ئۇنىڭ ھەۋىسىنى پەسەيتىدۇ' " (بۇخارى رىۋايىتى).

يۇقىرىقىدەك ھەمدۇسانا، ئايەت-ھەدىسلەرنى ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەمدۇسانا، ئايەت-ھەدىسلەرنى ئوقۇپ، نىكاھلانغۇچى ئەر-ئايالغا ۋە گۇۋاھچىلارغا نىكاھ توغرىسىدا يەنى مەزكۇر ماقالىمىزدە بايان قىلىنغان مەزمۇنلار ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن نىكاھ ئوقۇغۇچى مۇنۇ تەرتىپلەرنى ئوقۇيدۇ: "پۈتۈن كائىناتنى جۈملىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتنى يوقتىن بار قىلغان، ھەزرىتى ھەۋۋا ئانىنى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا، ھەزرىتى بۇۋى سارەنى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالا-

---

❶ نىكاھ ئوقۇشقا دائىر ئايەت، ھەدىس ۋە نىكاھ ئىبارىلىرىنىڭ ئەرەبچىسى ئىمام-خاتىپلىرىمىزغا ئايان بولغىنى ئۈچۈن، بۇ يەردە پەقەت ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىلا بېرىلدى. — تەھرىردىن.

غا، ھەزرىتى خەدىچە كوبرانى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جۈپ ئەيلىگەن پەرۋەردىگارىمىز ئاللاتائالانىڭ ئەمر-پەرمانى بىلەن؛ ئاللاتائالا پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت ۋە بېشارەت قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستەپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ مۇبارەك سۈننەتلىرى بىلەن؛ ئۈممەت پېشىۋالىرى چاھارىيار-ساھابە كراملارنىڭ ئىجمائى (بىرلىكى) بىلەن؛ بۇ خاسىيەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ئىسلامى مۇراسىمغا قاتناشقان مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ شاھادەت-گۇۋاھلىقى بىلەن؛ ھەقىقىي ئىسلام مۇخلىسلىرى سۈپىتىدە توي قىلماقچى بولغان قىز-يىگىت (ئەر-ئايال) نىڭ رازىلىقى بىلەن قىزنىڭ مەھرى ئۆزئارا پۈتۈشكەنگە تەيىن تاپتى.

... نىڭ قىزى ... گۈل: سىز مەزكۇر ھەقلىرىڭىزگە رازى ۋە راغىب بولۇپ، ئىككىلى ئالەمدە ھالال بىر جۈپتىن بولۇش ھەمدە ئەخلاقلىق ھەقىقىي ئىسلام پەرزەنتى كۆرۈش نىيىتى بىلەن ئەر-ئاياللار ئوتتۇرسىدا چەكسىز مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقان ناھايىتى مېھرىبان ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىمىز ئاللاتائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىغۇبار سۈننەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئاساسىدا ئۆزىڭىزنى ... نىڭ ئوغلى ... نىڭ ئايالى بولۇشقا ئەھدىسىنى قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟

(— قوبۇل قىلدىم.)

... نىڭ ئوغلى ... : سىز يۇقىرىقى ھەقلەرگە چىن كۆڭلىڭىزدىن رازى ۋە راغىب بولۇپ، كىشىلەرنى نادانلىق تۇمانلىرىدىن، جاھالەت زۇلمەتلىرىدىن ئىمانى ۋە ئىرپان يورۇقلۇقىغا چىقارغۇچى بۈيۈك مۇقەددەس دىنىمىز ئىسلامنىڭ پاك شەرىئىتىدە كۆرسەتىلگەن بارلىق ھالال ئىشلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن قىلىش بىلەن بىرگە، بارلىق ھارام قىلمىشلاردىن ئۆزىڭىزنى قەتئىي پاك تۇتۇپ، دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق ياخشى پەرزەنت كۆرۈش نىيىتىدە ... نىڭ قىزى ... نى ئۆز ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟

(— ئالدىم.")

ئاندىن تۆۋەندىكى ھەمدۇسانا، ئايەت-ھەدىسلەرنى ئوقۇپ نىكاھ ئوقۇشنى تاماملايدۇ:

"جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇركى، ئۇ ئاللا نىكاھنى كىشىلەرگە سۈننەت (قانۇن) ۋە ھالال-ھارامنى ئايرىغۇچى پاسىل قىلىپ بەردى. ئاللاتائالا ئېيتىدۇكى، "ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا يېقىندۇر" (4-سۈرە «نىسا»، 3-ئايەت).

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: 'نىكاھ (توي قىلىش) مېنىڭ سۈننىتىم (يولۇم)، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس'" (بۇخارى رىۋايىتى).

"ئالغۇچى (ئەر) قىزنىققۇچىدۇر. ئېلىنغۇچى (ئايال) قىزنىقۇلغۇچىدۇر. مەھرى ئىككىسى پۈتۈشكەن بويىچە بولىدۇ."

"ئاللا بىزگە بۈيۈك «قۇرئان كەرىم» بىلەن بەرىكەت بەرگەي، بىزنى ۋە سىلەرنى ئايەتلەر ۋە ھېكمەتلىك زىكرى بىلەن مەنپەئەتلەندۇرگەي! ھەقىقەتەن ئۇ ئاللا بەك مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەك مېھرىباندۇر، بەك سېخىيدۇر، بەك ئۇلۇغدۇر."

نىكاھ باغلىنىدىغان ئىبارىلەر—ئەر-ئايال

ئىككىسىنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن تۇرمۇش قۇرماقچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرقانداق سۆز ئىبارەدۇر. لېكىن نىكاھ ئىبارىلىرى ئۆتكەن زامان پېئىللىرى (مەسىلەن، "ئالدىم-تەگدىم" بىلەن) بولۇشى لازىم. مەزكۇر ئىبارىلەر بىر ئورۇندا، بىر ۋاقىتتا بولۇشى، ئىككى ئىبارىنىڭ ئارىلىقىغا باشقا گەپلەر ئارىلىشىپ قالماسلىقى لازىم.

## 8. ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرى

**1) ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرى:**

ئەر كىشى ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنىڭغا ئازار بەرمەسلىكى، پۈتۈن مېھىر-مۇھەببىتىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىشى، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئىشتا مېھرىبان، كۆيۈمچان بولۇشى لازىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"مۆمىنلەر ئىچىدە ئىمانى ئەڭ كامىل بولغىنى ئەڭ گۈزەل خۇلقلىق بولغىنىدۇر، سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىرىڭلاردۇر"** (تىرمىزى رىۋايىتى). ئەر كىشى ئايالىنىڭ ئارازلىرىغا بولۇپمۇ خۇيلىنىپ قالغان چاغلاردىكى بەزى يېقىمسىز قىلىقلىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈشى، دەردىنى ئاڭلاپ ھالىغا يېتىشى لازىم؛ ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى، ئايالىغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى سۆز-ھەرىكەتلىرى بىلەن داۋاملىق ئىپادىلەپ تۇرۇشى، ئايالىنى ھۆرمەتلەپ ئۇنى قەدىرلىشى، ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ھەر زامان غاپىل بولماسلىقى، بىراق ئايالىنى كۆنىلىدىم دەپ بىھۇدە گۇمان قىلماسلىقى، بەتنىيەتلىك قىلىپ ئايالىنى ئاساسسىز قارىلىماسلىقى لازىم: ئايالىغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مەھرىنى تولۇق ئادا قىلىش لازىم، چۈنكى مەھرى دېگەن، ئايال كىشىنىڭ نىكاھ ئارقىلىق بەلگىلەنگەن ھەققىدۇر؛ ئايالىنىڭ نەپىقە-تەمىناتىنى كېمىتمەي، ئىسراپ قىلماي ئوبدان ئادا قىلىشى لازىم؛ ئايالىغا دىنىنىڭ ئەقىدە-ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىشى، ئايالىنى ئەمەل-ئىبادەتلىرىنى دەل ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ئۈندىشى لازىم؛ ئايالىغا ئىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىشى، شۇنداقلا ئايالىنى ھەر تەرەپلىمە بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىشى ۋە تەربىيىلىشى لازىم؛ ئايالى خاتالاشقان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئۇرماستىن چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ ئۆزگەرتىشى لازىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ **"سىلەر ئاياللىرىڭلارنى قۇلنى دۇمباللىغاندەك دۇمباللىماڭلار، شۇ كۈنى كەچتە ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇشۇڭلار مۇمكىن"** (بۇخارى رىۋايىتى) دېگەن ھەدىسىگە قەتئىي ئەمەل قىلىشى لازىم، چۈنكى، ئايال كىشى ئۇچۇن ئەڭ ئاخىرقى شەرئى جازا-ۋاقتىنچە بىر تۆشەكتە بولماسلىقتۇر؛ ئايالىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشى، ئەگەر ئايالى ئۇنى ھاجىتىگە چاقىرسا دەرھال كېلىشى، ئايالىنى پەس كۆرمەسلىكى، ھاقارەتلىمەسلىكى، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ۋە باشقا تۇغقانلىرىنى ئۆز ئاتا-ئانىسىدەك، ئۆز تۇغقانلىرىدەك كۆرۈپ مۇئامىلە قىلىشى لازىم، ئايالىغا ئۆي ئىشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ياردەملىشىشى، بىردىن كۆپ ئايالى بولسا، ئۇلار ئارىسىدا بارلىق ئىشلاردا، تەقسىماتتا ئادىل بولۇشى، ھەممىسىنىڭ ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى لازىم؛ ئەگەر ئايالى ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالسا، ياخشىلىشىپ قېلىش ئامالى پەقەت بولمىغاندا، ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەي، ئازار بەرمەي، شەرئەت بويىچە چىرايلىق ئۈزۈلۈششى لازىم؛ ئەر خاتالاشقاندا ئايالى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلسا چىرايلىقچە قوبۇل قىلىشى، مەن ئەر كىشى دەپ چوڭچىلىق قىلماسلىقى لازىم، چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ جۈملىدىن ئەر-خوتۇننىڭ بىر-بىرىنى يامان ئىشلاردىن توسۇش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش مەجبۇرىيىتى بار؛ بارلىق ئىشلاردا ئايالىغا ئۈلگە بولۇشى، ئېغىزدا ناھايىتى چىرايلىق، ياخشى گەپلەرنى دەپ قويۇپ، ئۆزى ئەمەل قىلماي ئايالىغا ۋە باشقىلارغا يامان تەسىر بەرمەسلىكى لازىم.

**2) ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرى:**

ئايال كىشى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى دەپ ئېرىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزمەسلىكى، شۇنداقلا ئۇنى تولۇق ئادا قىلىشى، ئېرىنىڭ ھاجىتىنى قايرىپ قويۇپ نەفلى ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇۋالماسلىقى، ھەيز-نىفاس ۋە باشقا كېسەل ۋاقىتلىرىدىن باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتا، ئېرىنىڭ رىغبىتىگە ماسلىشىشى لازىم، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ **"ئېرى تۆشەككە چاقىرسا (ئۆزرىسىز) كەلمەي ئېرىنى رەنجىتكەن ئايالغا پەرىشتىلەر تاڭ ئاتقۇچە لەنەت ئوقۇيدۇ"** دېگەن ھەدىسى بار (بۇخارى رىۋايىتى). چۈنكى، ئەر-ئايالنىڭ بىر-بىرىگە ماسلاشماسلىقى سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئائىلىلەر بۇزۇلىدۇ؛ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيدىن باشقىلارغا بىرنەرسە بەرمەسلىكى (يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىش، قوشنىلارغا ئۆتنە-قولقا بېرىشتىن باشقا) لازىم؛ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز سەپەرگە چىقماسلىقى، ئېرى رازى بولمىغان ئاياللار بىلەن (يەنى يامان ئاياللار بىلەن) ئارىلاشماسلىقى، ئاللا بەرگەن رىزىققا قانائەت قىلىشى، قاتتىقچىلىق كۈنلەردە ئېرىدىن شىكايەت قىلماسلىقى، ياخشى كۈنلەردە ئاللانى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، ئېرىنىڭ ئەجىر-مېھنىتىنى ھەر زامان قەدىرلىشى؛ تۇزكورلۇق قىلماسلىقى لازىم، ئەڭ ياخشى ئايال ئېرىگە داۋاملىق "سەن ھارام كەسپتىن ساقلانغىن، ھالالدىن كەسپ قىلغىن، بىز قاتتىقچىلىققا، ئاچارچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيمىز، ئەمما ئوت (دوزاخ)قا بەرداشلىق بېرەلمەيمىز" دەيدىغان ئايالدۇر؛ ئېرىدىن باشقا كىشىلەر ئۈچۈن ياسانماسلىقى، زىننەتلەنمەسلىكى، باشقىلارغا يۈز-قوللىرىدىن باشقا ئەزالىرىنى نامايان قىلماسلىقى، قىسقا، نېپىز كىيىملەرنى كېيىشتىن ساقلىنىشى لازىم؛ ئېرىگە جامالى، بايلىقى، مەنسىپى ۋە نەسەبى بىلەن پەخىرلەنمەسلىكى، چوڭچىلىق قىلماسلىقى، پەرزەنتلىرىگە مېھرىبان بولۇشى، ئۇلارنى ئۇرۇپ تىللىماسلىقى، ئۇلارنى ئىسلامى ئەدەپ-ئەخلاق بىلەن ياخشى تەربىيىلىشى ھەم ئېرىگىمۇ تىل تەككۈزمەسلىكى، زورمۇزور بىشەملىك قىلماسلىقى لازىم؛ ئەگەر ئېرى خاتالىشىپ قالسا، ئۇنىڭغا چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىشى، ئۇنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىشىگە ياردەم بېرىشى، ئەكسىچە قوپاللىق قىلىپ ئېرىنىڭ خاتالىقىنى ئۆزىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىگە باھانە-سەۋەب قىلىۋالماسلىقى ھەمدە ئۇنى ئېرىگە قارشى تۇرۇشنىڭ "ئەپلىك" قورالى قىلىۋالماسلىقى لازىم؛ ئېرىنىڭ بارلىق يوللۇق تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشى، ئۇنىڭ يوللۇق ئىشلىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تۈرتكە بولۇشى، شۇنداقلا يولسىز ئىشلىرىنى توسۇپ، يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن ساقلىنىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك؛ ئېرىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئۆز ئاتا-ئانىسى، ئۆز ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدەك كۆرۈپ، ئۇلارنى ئوبدان ھۆرمەتلىشى لازىم.

يۇقىرىدا بىز ئەر-ئايالنىڭ بىر-بىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى توغرىسىدا ئىسلام شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن ئاساسىي مۇھىم تەركىبلەر مەزمۇنىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتۇق. كەم قالغان تەرەپلەرنى يەنە باشقا مۇشۇ ھەقتىكى مەنبەلەردىن تولۇقلىۋېلىش ئالىم-ئۆلىمالارغا بىزدىن ھاۋالە.

**9. جىنسىيەت ۋە ئەر-ئاياللار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر**

جىنسىيەت پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق مۇھىم بىر ئىلىم. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىش تېخىمۇ مۇھىم. بىز ماقالىمىزنىڭ بۇ بۆلۈكىدە جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ ھالال-ھاراملىق مەسىلىسى يەنى ئىسلامدا بەلگىلەنگەن بۇ ھەقتىكى بەزىبىر مۇھىم مىزانلار ئۈستىدە توختىلىمىز.

جىنسىي مۇناسىۋەت ئەر بىلەن ئايالنىڭ جىنسىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش دېمەكتۇر.

جىنسىي مۇناسىۋەت ھالال قىلىنغان جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە ھارام قىلىنغان جىنسىي مۇناسىۋەت،

دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ھالال قىلىنغان جىنسىي مۇناسىۋەت— شەرىئەت بويىچە نىكاھ مۇناسىۋىتى بولغان ئەر-ئايالنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىدىن ئىبارەت. نىكاھ مۇناسىۋىتى بولغان ئەر-ئايالنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ياخشى ئىشتۇر، شۇنداقلا ساۋابلىق ئىشتۇر. بۇ مۆمىنلەرنىڭ سۈپەت-پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى ۋە مۆمىنلىكنىڭ بىر ئالامىتى. بۇنى تۆۋەندىكى ئايەت-ھەدىسلەردىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: **"ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر"** (23-سۈرە «مۇئمىنۇن»، 5-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە **"ئاللاتائالاغا ئېيتىلغان ھەربىر تەسبىھ، ھەربىر تەھلىل، ھەربىر ھەمدۇسانا، ھەربىر تەكبىر سەدىقىدۇر. ياخشى ئىشقا دەۋەت قىلىش، يامان ئىشلاردىن توسۇش سەدىقىدۇر. ھەتتا سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىشىڭلارمۇ سەدىقىدۇر"** دېگەندە، ساھابىلەر ئى رەسۇلۇللا! بىز ئۆزىمىزنىڭ جىنسىي ھەۋىسىمىزنى قاندۇرغىنىمىز ئۈچۈنمۇ ساۋابقا ئېرىشەمدۇق؟ دەپ تەئەججۇپلەنگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام **"ئېيتىڭلارچۇ؟ ئەگەر سىلەر جىنسىي ھەۋەسلىرىڭلارنى ھارامدىن قاندۇرساڭلار گۇناھ بولامدۇ؟ (گۇناھ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟) خۇددى شۇنىڭدەك سىلەر جىنسىي ھەۋەسلىرىڭلارنى ھالالدىن قاندۇرغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ساۋاب بېرىلىدۇ"** (مۇسلىم رىۋايىتى).

ھارام قىلىنغان جىنسىي مۇناسىۋەت دېگىنىمىز —نىكاھ مۇناسىۋىتى بولمىغان ياكى بىر-بىرىگە نىكاھ چۈشمەيدىغان ئەر-ئايالنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت شەرىئەتتە "زىنا" دەپ ئاتىلىدۇ. زىنا دېگەن گۇناھى كەبىر (ئەڭ چوڭ گۇناھ) لەرنىڭ بىرىدۇر. ئاللاتائالا كىشىلەردىن بۇ قەبىھ، رەسۋا ئىشنى قىلىش تۈگۈل ھەتتا ئۇنىڭغا يېقىنلاشماسلىقنى يەنى زىنايىزالالەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **"زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر"** (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)»، 32-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **"زىنا قىلغۇچى مۆمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ. ئوغرىلىق قىلغۇچى مۆمىنلىك ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ. ھاراق ئىچكۈچى مۆمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ"** (بۇخارى رىۋايىتى).

ئەر بىلەن ئايال شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن "بىسمىللا ..." دېيىشى ۋە دۇئا قىلىشى مۇھىمدۇر. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ :**"سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار ئۆزىنىڭ ئەھلىگە يېقىنلىشىشتىن بۇرۇن 'بىسمىللاھ (ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن) ئى ئاللا! بىزدىن ۋە بىزگە بېرىدىغان رىزىق (پەرزەنت)تىن شەيتاننى يىراق قىلغىن!' دەپ دۇئا قىلسا، ئەگەر ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا پەرزەنت ئاپىرىدە بولۇپ قالسا، بۇ پەرزەنتكە شەيتان ھەرگىز زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ"** (بۇخارى رىۋايىتى) دېگەن سۆزى دەلىللەيدۇ. ئەر-ئايال يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن تەييارلىنىشى لازىم. ئەر-ئايال ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە تويۇقسىز ھالەتتە كەلمەسلىكى، جورىسىنىڭ رىغبىتىگە تولۇق ماسلىشىپ ئورتاق مەنپەئەتكە ئېرىشىشى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئەھلى بىلەن ئويناشقان ۋە سۆيۈشكەن. بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى ئابدۇللا مۇنداق دەيدۇ: **"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوينىشىشتىن بۇرۇن يېقىنچىلىق قىلىشتىن توسقان"** (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

ھەيز ۋە نىفاس كۈنلىرىدە يېقىنچىلىق قىلماسلىق لازىم.

ھەيز—ئايلىق قەرەلدە ئايال كىشىنىڭ بالا ياتقۇسىدىن كېلىدىغان خۇن دېمەكتۇر. ھەيزنىڭ ئەڭ ئەقەللىي مۇددىتى ئۈچ كۈن، ئەڭ ئۇزاق مۇددىتى ئون كۈن، نورمال بولغىنى بەش كۈن بىلەن يەتتە كۈن ئارىلىقىدا بولىدۇ. ئاياللارنىڭ ھەيز مەزگىلىدە ناماز ئوقۇشى، روزا تۇتۇشى، قۇرئان ئوقۇشى (مۇئەللىمە بۇنىڭدىن مۇستەسنا) ۋە مەسچىتكە كىرىشى چەكلىنىدۇ، ھەيزدىن

ساقايغاندىن كېيىن غۇسۇل قىلىش پەرز بولىدۇ. ئايال كىشى ھەيز مەزگىلىدە ئوقۇيالمىغان نامىزىنى تولۇقلاپ ئوقۇمايدۇ، ئەمما رامىزان روزىسىنى قايتا تۇتۇپ تولۇقلايدۇ. ئاياللار ئۆزلىرىدىن كەلگەن ئاقتىن باشقا خۇنلارنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ ھەيزدار بولغانلىقىنى، خۇننىڭ توختىغانلىقىنى كۆرۈپ ساقايغانلىقىنى بىلىدۇ.

نىفاس — تۇغۇتتىن كېيىن كېلىدىغان خۇن دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ئاز مۇددىتى بىرقانچە مىنۇت، كۆپ مۇددىتى قىرىق كۈن بولىدۇ. نىفاسدار (تۇغۇتلۇق) ئايالمۇ ھەيزدار ئايالغا ئوخشاش ساقايغانغاقەدەر ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، قۇرئان ئوقۇش (مۇئەللىمە بۇنىڭدىن مۇستەسنا) ۋە مەسچىتكە كىرىشتىن چەكلىنىدۇ. ساقايغاندىن كېيىن نىفاس مەزگىلىدە ئوقۇيالمىغان نامىزىنى ئادا قىلمايدۇ، بىراق تۇتۇلمىغان روزىسىنى تولۇقلاپ تۇتىدۇ.

ھەيز-نىفاس مەزگىللىرىدە ئەر-ئايالنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى مەنئى قىلىنىدۇ. بىراق جىنسىي مۇناسىۋەتتىن باشقا مۇناسىۋەتلەردىن بەھرىمەن بولۇشقا بولىدۇ. "(ئى **مۆمىنلەر!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىلىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا ئۇلارغا ئاللا بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار، ئاللا ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ**" (2-سۈرە «بەقەرە»، 222-ئايەت). ئابدۇللا ئىبنى سەئىد، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ئايالىم ھەيزدار ھالىتىدە، ئۇنىڭ قايسى يېرى ماڭا ھالال بولىدۇ؟ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**ئىشتاننىڭ ئۈستى، بىراق بۇنىڭدىن ساقلىنىش ياخشى**" دەپ جاۋاب بەرگەن دەيدۇ (رەزىنى رىۋايىتى). بۇ ھۆكۈم نىفاسدار ئايالغىمۇ تەتبىقلىنىدۇ.

ئىستىھازە — ھەيز ۋە نىفاسنىڭ مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتكەن ۋاقىتلاردا ئايال كىشىدىن كەلگەن خۇن دېمەكتۇر. ئىستىھازە پەقەت تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ، ئۇنىڭغا غۇسۇل قىلىش لازىم كەلمەيدۇ. ئىستىھازە ھەيز ۋە نىفاستەك ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، قۇرئان ئوقۇش ۋە مەسچىتكە كىرىش قاتارلىق ئىبادەتلەردىن چەكلەنمەيدۇ. بىراق، ھەربىر ۋاقىت ناماز، ھەربىر قېتىم قۇرئان ئوقۇش ۋە ھەربىر قېتىم مەسچىتكە كىرىش ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم تاھارەت ئېلىش كېرەك. ئىستىھازە جىنسىي مۇناسىۋەتنى چەكلىمەيدۇ.

**ئاساسلىق پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. مۇھەممەد سالىھ: «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى.
2. «سەھىھۇلبۇخارى» قاتارلىق ئالتە سەھىھ كىتاب ۋە باشقىلار، ئەرەبچە.
3. سەئىد سادىق مۇھەممەد: «جاھىلىيەت ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ئايال قارىشى»، ئەرەبچە.
4. دوكتور مۇھەممەد سەئىد رەمەزان بۇتى: «غەرب تۈزۈمى ۋە ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئايال قارىشى»، ئەرەبچە.
5. ئابدۇلرەھمان جەزىرى: «تۆت مەزھەپ فىقھىسى»، ئەرەبچە.
6. دوكتور ۋەھبىيە تەرھىلى: «فىقھۇلئىسلام»، ئەرەبچە.
7. ئابدۇللا ناسىھ ئۇلۇۋان: «ئىسلامدا بالىلار تەربىيىسى»، ئەرەبچە.
8. ئىبنى قەييىم جەۋزىيە: «پەيغەمبەر تېبابىتى»، ئەرەبچە.
10. دوكتور مۇھەممەد ئەلى ھاشىم: «مۇسۇلمان ئايالنىڭ ماھىيىتى»، ئەرەبچە.

(**ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئۇستازى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى**)

# ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭ مەزھىپى

◆ جىيا باۋپىڭ

ئەبۇ ھەنىفە (700—767) سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئاتاقلىق فەقىھى[1]، ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، ئەنئەنىچى تۆت مەزھەپ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرىنچىسى، ئۇ ھۆرمەت بىلەن ئىمام ئەزەم (چوڭ ئىمام) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ فىقھە تەلىماتى ئىسلام دىنىنىڭ فىقھە تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ بىكىتكەن شەرىئەت ئەھكاملىرى جانلىقلىقى، كەڭچىلىكلىكى، مۇۋاپىقلىقى بىلەن مەشھۇر. شۇ سەۋەبتىن، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى ھېلىغىچە مۇشۇ مەزھەپنىڭ يولىنى تۇتۇپ كەلمەكتە.

## 1. ئەبۇ ھەنىفىنىڭ ھاياتى، ئىش ئىزلىرى ۋە ئەخلاق-پەزىلىتى

ئەبۇ ھەنىفىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ھەنىفە نۇئمان ئىبنى سابىت بولۇپ، ئۇ كۇفە شەھرىدە بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئەسلى يۇرتى كابۇل (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى) بولۇپ، كېيىن كۇفەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ كىچىك چېغىدىلا «قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئېلىپ بولغان، 16 ياش ۋاقتىدا دادىسى بىلەن بىللە ھەجگە بېرىپ، مەسچىت ھەرەمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئابدۇللا ھارىسنىڭ ئوقۇغان خۇتبىسىنى ئاڭلىغان، ئابدۇللا ھارىس ئۆز خۇتبىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "شەرىئەتنى تەتقىق قىلغۇچىنى ئاللاتائالا مۇرادىمەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىلتىپاتلارنى كۆرستىدۇ①" دېگەنلىكىنى ئېيتقان. بۇ قېتىمقى ھەج سەپىرىدە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرغان.

ئەبۇ ھەنىفە يەنە فەقىھ ھەمماد بىننى ئەبۇ سۇلەيماننى ئۇستاز تۇتۇپ، فىقھە ئىلمىنى 18 يىل ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆگىنىشتە تىرىشچان، ئەدەپلىك بولغاچقا، ئۇستازىنىڭ كۆپ ماختىشىغا ئېرىشكەن. ھەر قېتىم دەرستىن چۈشكەندە، ئۇ، ئۇستازىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدىغان، ئاندىن كېيىن ئۇستازىنىڭ ئىشكى ئالدىدا كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇستازى ناماز ياكى باشقا ئىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىققاندا ھەمراھ بولۇپ بىللە ماڭاتتى ۋە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بەزى مەسىلىلەرنى سوراپ بىلىۋالاتتى. ئۇ ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغاندا، ھۆرمەت يۈزىسىدىن ھەتتا پۇتىنى ئۇستازىنىڭ ئۆيى بار تەرەپكە قاراپ ئۇزاتمايتتى.

ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بىرەر مىڭدەك ئالىمنى ئۇستاز تۇتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەتتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن، 73ى تابىئۇنلاردىن، قالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تابىئۇت-تابىئىنلاردىن[2] ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە 55 قېتىم ھەج قىلغان. ھەج ۋاقتىدا مەككە بىلەن مەدىنىگە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۆلىمالار جەم بولاتتى، كۇفە شەھرى بولسا ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم-مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى، شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆز ئۆمرىدە شۇنچە كۆپ كىشىنى ئۇستاز تۇتالىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

ئۇ دىنىي جەھەتتە ئىنتايىن تەقۋادار بولۇپ كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ھەر كۈنى «قۇرئان كەرىم»نى بىر قېتىم يادلاپ چىقاتتى. مۇۋاپىقىنىڭ بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:"مەن ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرغانىدىم، ئۇنىڭدىنمۇ تىرىشچان ئادەمنى ئۇچراتمىدىم، ئۇ

---

[1] فەقىھ—فىقھە ئالىمى، يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم. —تەرجىماندىن.

[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئەگەشكەن، ئېتىقادتا چىڭ تۇرغان كىشىلەر "ساھابە" دەپ ئاتىلىدۇ؛ ساھابىلەرنى كۆرگەن، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدە بولغان، ئۇلاردىن تەلىم ئالغان كىشىلەر "تابىئۇن" دەپ ئاتىلىدۇ؛ تابىئۇنلارنى كۆرگەن، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدە بولغان، ئۇلاردىن تەلىم ئالغان كىشىلەر "تابىئۇتتابىئىن" دەپ ئاتىلىدۇ. —تەرجىماندىن.

كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ناماز ئوقۇيتتى، فىقھە ئىلمىنى كۆڭۈل قويۇپ مۇتالىئە قىلاتتى، بۇ ئىشنى ئۇ 30 يىلغىچە ئۈزۈپ قويماي داۋاملاشتۇرغان. گۇمان تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇ بىرمۇنچە ھالال ياكى گۇمانلىق ئىشلاردىن كەچسە كېچەتتىكى، ھارام ئىشلارغا يېقىن يولمايتتى، ئەگەر مەلۇم بىر ئىشتىن فىقھە جەھەتتە گۇمانلىنىپ قالسا، ئۇنى ئۈزۈل-كېسىل ئېنىقلىمغۇچە كۆڭلى تىنمايتتى. ئۇ تەلەپچان، قەيسەر ئىدى، يەرلىك ئەمىر ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان سوۋغىنىڭ بەيتۇلمال—مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەت خەزىنىسى—دىن ئېلىنغانلىقىنى بىلىپ قالسا، دەرھال ئۇنى رەت قىلاتتى.“

ئەبۇ ھەنىفە شاگىرتى ئەبۇ يۇسۇپكە مۇنداق دېگەن: ”ئاۋۋال ئىلىم ئۆگەن، ئاندىن پۇل تېپىشقا تۇتۇش قىل، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بول. ئەگەر ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقاندا پۇل تېپىش بىلەن بولۇپ كەتسەڭ، مال-دۇنيالىرىڭ سېنى ئادەم ياللاشقا ئۈندەيدۇ-دە، بۇ دۇنيالىق ئىشلارغا بېرىلىپ كېتىپ قالىسەن.“ ئارقىدىنلا ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: ”سەن ئاللادىن قورققىن، كىشىلەرگە ھەقىقەتنى تارقاتقىن ۋە ئۇنى سەممىي سۆزلەر بىلەن يەتكۈزگىن؛ باشقىلارنى كەمسىتمىگىن، بەلكى ھۆرمەتلىگىن؛ مېھماندارچىلىق ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتمىسۇن، كىشىلەرنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن؛ نادان ۋە تەلۋىلەر بىلەن كەلدى-باردى قىلىشمىغىن②“.

ئەبۇ ھەنىفە ئۆمۈر بويى فىقھە ئىلمى تەتقىقاتىغا كۈچ سەرپ قىلغان، ئۇ فىقھە ئىلمى توغرىسىدىكى پىكرى پەيدىنپەي پىشىپ يېتىلگەندە ئۆز تەلىماتىنى تارقىتىشقا باشلىغان، ئۇ بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىلىم ئاساسى پۇختا ئىدى. شۇڭا ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلار تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى ئۇستاز تۇتقان، ئۇنىڭ ئابرويىمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىلىم ساھەسىدە بەك يۇقىرى بولغان. ئۇ فىقھە ساھەسىدە ئۆزىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنىلا بەرپا قىلىپ قالماستىن، يەنە زور تۈركۈمدىكى تالانتلىق فەقىھلەرنى يېتىشتۈرگەن. تاھاۋى مۇنداق دېگەن: ”ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە كىتاب يېزىپ تەلىمات تۇرغۇزالايدىغانلىرى 40تىن ئاشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرى ئەبۇ يۇسۇپ، مۇھەممەد بىننى ھەسەن شەيبانى، زۇفەير، داۋۇد دائى، ئەسئەد ئىبنى ئۇمەيل، يۇسۇپ خالىد، يەھيا ئىبنى زەكەرىييا قاتارلىقلار ئىدى“.

ئۇ شەيئىلەر ئۈستىدە ئەقلى ئىشلىتىپ تەھلىل ئېلىپ بېرىشقا ۋە ھۆكۈم قىلىشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا ماھىر ئىدى. ھۆكۈم قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇ ھەمىشە كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى مەركەزلەشتۈرۈش، ئومۇمىي تەھلىل يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى، يەنى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شاگىرتلىرىنى ئەركىن مۇھاكىمە قىلىشقا، ئۆز پىكىرلىرىنى تولۇق بايان قىلىشقا ۋە ئۇ ھەقتىكى ئاساسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئۇيۇشتۇراتتى. ئاندىن كېيىن، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، قايتا-قايتا دەلىللەپ، توغرا پىكىرلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، خاتا پىكىرلەرنى قالدۇرۇپ، ئاخىردا خۇلاسە چىقىراتتى. شەرىئەت مەسىلىسىدىن بىرەرسى ئۈستىدە مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن يەكۈن چىقارغاندا، ھېچقانداق نۇقسان ۋە كاۋاك قالدۇرمايتتى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى فىقھە ئىلمى جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلار ۋە كۆزگە كۆرۈنگەنلەردىن ئىدى. كىشىلەر ئىبنى جەراھە (ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام بۇخارىنىڭ ئۇستازى) گە: ”ئەبۇ ھەنىفە پالانى ئىشقا خاتا ھۆكۈم قىلىپ قويىدى“ دېگەندە، ئىبنى جەراھە جاۋاب بېرىپ: ”ئەبۇ ھەنىفە قانداقسىگە خاتا ھۆكۈم قىلىپ قويىدۇ؟ ئۇنىڭ ‹قىياس›، ‹ئىجتىھاد› جەھەتتە ئەبۇ يۇسۇپ، مۇھەممەد بىننى ھەسەن شەيبانى، زۇفەيرگە؛ ھەدىس ۋە باشقا ئىلىم جەھەتتە يەھيا ئىبنى زەكەرىييا، ھافىز ئىبنى ئەيس، جۇدەيل ئەلىغا؛ ئىلمى سەرف، ئىلمى نەھۋى ۋە ئىلمى بالاغەت❶ جەھەتتە جاسىم ئىبنى مەرىن، مەسئۇدقا؛ «قۇرئان كەرىم» تەپسىرى ۋە تارىخشۇناسلىق

---

❶ ”ئىلمى سەرف“ —مورفولوگىيە؛ ”ئىلمى نەھۋى—“گرامماتىكا؛ ”ئىلمى بالاغەت“—ئىستىلىستىكا — تەرجىماندىن.

جەھەتتە داۋۇد دائى، فازىل ئىياد، ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەككە ئوخشاش بىلىملىك شاگىرتلىرى تۇرسا، ئەبۇ ھەنىفە ئاشۇلار بىلەن بىللە تۇرسا قانداقسىگە خاتا ھۆكۈم قىلىدۇ؟ ئەگەر ئۇ مەلۇم جەھەتتە كەتكۈزۈپ قويسا، ئۇنىڭ ئاشۇ شاگىرتلىرى ئۇنى تۈزىتىدۇ“ دېگەن[3].

ئەبۇ ھەنىفە ئىلىم جەھەتتە بەكمۇ ئەستايىدىل ۋە بەكمۇ كەمتەر ئىدى، مەسىلە ئۈستىدە ئويلانغاندا، ھەرگىز ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىگە قاراپ توختاپ قالماي، ئۇ مەسىلىنىڭ يۈز بەرگەن مۇھىتى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىنتايىن ئېتىبار بىلەن قارايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پىكرىنى ھېچقاچان باشقىلارغا تاڭمايتتى، ئۆزى چىقارغان خۇلاسە ياكى ھۆكۈمنى ھەرگىزمۇ ”چوقۇم مۇشۇ توغرا“ دەپ تۇرۇۋالمايتتى. ئۇ ھەمىشە: ”بىزنىڭ تەلىماتىمىز بىز ئەڭ توغرا دەپ قارىغان بىر خىل پىكىردىنلا ئىبارەت، ئەگەر باشقىلار ئۇنىڭدىنمۇ توغرا پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويسا، بىز ئۇنى قوبۇل قىلىمىز“ دەيتتى[4].

ئەبۇ ھەنىفە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھۆكۈمرانلارنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇشقا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرغان، چىرىكلەشكەن ھۆكۈمەت باشلىقى بىلەن بىر ئېقىمدا بولۇشنى خالىمىغان. ئۇ شەرىئەتنىڭ پاكلىقى ۋە شەنىنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن كەينى-كەينىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. ئۇ كۇفەگە قازى بولۇشقا ئۇنىمىغاندا، كۇفەنىڭ ۋالىيسى ئۆمەر ئىبنى خەبىر ئۇنى ماقۇل بولۇشقا مەجبۇرلاپ، بولمىسا زىندانغا تاشلايمەن دەپ تەھدىت سالغان. بەزىلەر ئۇنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن باش ئېگىشكە ئۈندىگەندە، ئۇ: ”ئۇنىڭ ماڭا بۇ دۇنيادا بېرىدىغان زەربىسى مېنىڭ بۇ دۇنيادا سادىر قىلىپ قويۇپ ئاخىرەتتە جاۋاب قىلىدىغان گۇناھىمغا قارىغاندا يېنىك، ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ كاللامنى ئالسىمۇ ھەرگىز بۇ ئىشقا ماقۇل بولمايمەن“ دېگەن[5].

ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى ئەبۇ جەئفەر (707—775) سىياسىي جەھەتتە زالىم، ئىستىبدات بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم جەھەتتە كەڭ قورساق ئىدى، ئۇ ئەبۇ ھەنىفەنى باغدادقا قازى بولۇشقا قايتا-قايتا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەبۇ ھەنىفە: ”مەن بۇ ئىشنى قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن“ دەپ جاۋاب بەرگەن. خەلىپە بۇ گەپنى ئاڭلاپ: ”يالغان ئېيتىۋاتىسىز، سىز بۇنى پۈتۈنلەي قىلالايسىز“ دېگەندە، ئەبۇ ھەنىفە: ”سىز ئۆزىڭىز ھۆكۈم چىقىرىپ بولدىڭىز، سىز يالغان سۆزلەيدىغان بىر قازىغا قانداقمۇ ئىشىنىسىز؟“ دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇيالغىنىدىن ئاچچىقلانغان خەلىپە ئۇنى زىندانغا تاشلاپ قاتتىق ئازابلىغان، كېيىن بىر مەزگىل ئۇنى زىنداندىن چىقارغان ھەمدە ئۇنىڭدىن بەزى شەرىئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن ئەبۇ ھەنىفە بۇنى رەت قىلغانلىقتىن يەنە زىندانغا تاشلىنىپ، زىنداندا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەبۇ ھەنىفە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، كىشىلەر ئۇنى كەزىلانغا دەپنە قىلغان. ئۆزىنىڭ قىلغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغان خەلىپە ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇپ دۇئا قىلغان ۋە چىن قەلبىدىن: ”مەن قانداق قىلسام سىزنىڭ ئىككى ئالەمدە ئەپۇ قىلىشىڭىزغا ئېرىشەرمەن؟“ دېگەن.

ئەبۇ ھەنىفەنىڭ نامىزى ئالتە قېتىم چۈشۈرۈلگەن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مۇسۇلمانلاردىن 50 مىڭچە كىشى ئۇنىڭ نامىزىغا داخىل بولغان.

**2. ئەبۇ ھەنىفەنىڭ فىقھە ئىدىيىسى ۋە نەزەرىيە سىستېمىسى**

ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا، شەرىئەت مەنبەسى سىستېمىسىنى ئالدى بىلەن ئىمام شافىئىي سىستېمىلىق دەلىللەپ بەرگەن، دەپ قارىسىمۇ، لېكىن، ئۇ فىقھە نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرىلا شەرىئەت ئەھكاملىرى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان، كۇفەدىكى ھەنەفىي مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيىسى ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغانىدى.

شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇنجى بولۇپ تۈرگە ئايرىغان كىشى ئەبۇ ھەنىفەدۇر. ئەينى ۋاقىتتا، كونكرېت شەرىئەت ئەھكاملىرى ھەممە يەردە چېچىلىپ ۋە كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ يۈرەتتى. ئەبۇ ھەنىفە بۇ ئەھكام ۋە مەسىلىلەر يوقىلىپ كەتمەسۇن

ياكى خاتا بولۇپ قالغانلىرى خاتا پىتىچە كېتىۋەرمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، شەرىئەتكە دائىر ماتېرىياللارنى توپلاشقا كىرىشىپ، ئۇلارنى يېزىپ خاتىرىلىگەن ۋە تۆرگە ئايرىغان. ئۇ "تاھارەت ئېلىش توغرىسىدا"دىن باشلاپ، ئاندىن ناماز، رامىزان روزىسى ۋە باشقا ئەمەللەر توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەم دىندىن خالىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ، ئاخىردا ئۆز تەلىماتىنى "مىراس توغرىسىدا" دېگەن بايان بىلەن ئاياغلاشتۇرغان، چۈنكى "مىراس مەسىلىسى" ئادەم ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

تارىختا، ھەنەفىي مەزھەپى ئابباسىيلار سۇلالىسى ۋە ئوسمان ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن ھۆكۈمەت مەزھەپى قىلىپ بېكىتىلگەن. ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەبۇ يۈسۈپ باغدادقا باش قازى بولغاندا، شۇ مەزھەپنىڭ تەلىماتىنى يولغا قويغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەبۇ ھەنىفە بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كۆز قاراشلىرىنىڭ ئېنىقلىقى بىلەن يىراق-يېقىنغا داڭلىق ئىدى، ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تالىپلار ئۇنىڭدىن فىقھە ئىلمىنى تەلىم ئالاتتى. ئۇلار ئىلىم تەھسىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ بېرىپ، مۇدەررىسلىك قىلىپ ئىلىم تارقىتاتتى. شۇ سەۋەبتىن، بۇ مەزھەپ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە، يەنى ئاۋۋال كۇفەدىن پۈتۈن ئىراققا، ئاندىن سۈرىيە، ئافغانىستان، پاكىستان، تۈركىيە، مىسىر، ماراكەش، بالقان يېرىم ئارىلى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا تارقالغان.

ئۇنداق بولسا، شۇنداق كەڭ رايونلارغا تارقالغان، شۇنداق كۆپ جامائەت ئەمەل قىلغان بۇ مەزھەپنىڭ شەرىئەت مەنبەسى زادى نېمە؟

ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: "شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇشتا مەن ئالدى بىلەن «قۇرئان كەرىم»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلىنىمەن، ئەگەر بۇ بەلگىلىمىلەردىن مۇناسىپ كېلىدىغانلىرىنى تاپالمىسام، ھەدىسلەر ئىچىدىن تاللايمەن. ئەگەر «قۇرئان كەرىم» دىنمۇ ۋە ھەدىستىنمۇ ئاساس تاپالمىسام، ساھابىلەرنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قوبۇل قىلىمەن[6]".

ھەنەفىي مەزھەپى تەشەببۇس قىلىدىغان شەرىئەت مەنبەسىنىڭ تەرتىپى مۇنداق: «قۇرئان كەرىم» ، ھەدىس، "ئىجماڭ"، "قىياس"، "ئىستىھسان" ۋە "ئۆرپ". تۆۋەندە بۇلارنى ئايرىم-ئايرىم بايان قىلىمىز:

1) ئەبۇ ھەنىفە «قۇرئان كەرىم»نى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇشنىڭ بىرىنچى مەنبەسى قىلىدۇ. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» ئاللانىڭ سۆزى، شۇنداقلا مۇقەددەس ۋە ھەق كىتاب. «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلا ئەھكاملارنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى بايان قىلىشنىڭ ئاساسى بولالايدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر مەسىلە «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىستە چۈشۈندۈرۈلگەن بولسا، ئىككىلىسىگە ئەمەل قىلىنىدۇ.

2) ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسى، شەرىئىتى، قائىدە-تۈزۈملىرى ۋە ئەدەپ-ئەخلاقى توغرىسىدا قىلغان، ۋەھيى ئايەتلەرنىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولغان سۆزلىرى ۋە ھەرىكەت ئەمەلىيىتىدۇر. دېمەك، ھەدىس فەقىھلەرنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇشتىكى ئىككىنچى مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دەۋرىدە ھەدىسنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى تېخى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلمىغانلىقتىن، ھەرقايسى گۇرۇھ، ئېقىملار ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئويدۇرما ھەدىسلەرنى توقۇپ چىققان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇ ھەنىفە ئەھكاملارنى ھەدىسكە ئاساسلىنىپ تۇرغۇزۇش مەسىلىسىگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھەدىسلەرنى قاتتىق تاللاپ ئىشلەتكەن، ھەدىسنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسنادىنى (رىۋايەت قىلىنىش سىستېمىسىنى) قاتتىق تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىغان. نەقىل كەلتۈرۈلگەن ھەدىسنىڭ تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىشىدە چىڭ تۇرغان:

(1) ئىسنادى ئۈزۈلۈپ قالمىغان بولۇش؛

(2) ئۇنى ئاز دېگەندە رەسۇلۇللانىڭ ساھابىلىرىدىن بىرەرسى مۇئەييەنلەشتۈرگەن

بولۇش؛ (3) ئۇنىڭ سەھبە ئىكەنلىكىنى فەقىھلەر بىردەك ئېتىراپ قىلغان بولۇش.

3) "ئىجماﺋ" رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى مۇزاكىرىلىشىپ بىرلىككە كەلگەن قاراردىن، ياكى ھەرقايسى مەزگىلدە ئۆتكەن «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس ۋە شەرىئەت ئىلمىنى پۇختا بىلىدىغان فەقىھلەر مەلۇم ئەھكام ئۈستىدە بىرلىككە كەلگەن پىكىردىن ئىبارەت. ھەنەفىي مەزھىپى مۇشۇنداق پىكىرنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇشنىڭ بىر ئاساسى قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەشھۇر ساھابىسى، ھەدىسشۇناس ئىبنى مەسئۇد (652-يىلى ۋاپات بولغان) مۇنداق دېگەن: "ئەگەر بىركىم (شەرىئەت ئەھكاملىرى توغرىسىدا) سورايدىغان بولسا، ئۇ «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇسۇن، ئەگەر ئۇنىڭدىن جاۋاب تاپالمىسا، ھەدىستىن ئىزدىسۇن، ناۋادا ھەدىستىنمۇ جاۋاب تاپالمىسا، مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن 'ئىجماﺋ' دىن پايدىلانسۇن، بولمىسا، ئۆزى 'ئىجتىھاد' يولى بىلەن ئىش قىلسۇن⑦".

"ئىجماﺋ" ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىر خىلى كۆپ ساندىكى مۇجتەھىدلەر❶ بىرلىككە كەلگەن قارار، يەنى ئومۇمنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرى. يەنە بىر خىلى مۇجتەھىدلەرنىڭ بىر قىسمى مەلۇم ئەھكام توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن، باشقا مۇجتەھىدلەر ئىنكار قىلمىغان ياكى سۈكۈت قىلغان يەنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلغان پىكىر. ھەنەفىي مەزھىپى بۇ ئىككى خىل "ئىجماﺋ"نى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، "ئىجماﺋ" پرىنسىپىنى تەتبىقلاشتا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك: (1) "ئىجماﺋ" ئارقىلىق تۇرغۇزۇلغان ئەھكام «قۇرئان كەرىم»گە، ھەدىسكە ۋە ئىلگىرى بىرلىككە كەلگەن "ئىجماﺋ" پرىنسىپىغا زىت كەلمەسلىك؛ (2) "ئىجماﺋ" شەرىئەت ئاساسىغا ئىگە بولۇش؛ (3) شۇ دەۋردىكى مۇجتەھىدلەرنىڭ كۆپىنچىسى "ئىجماﺋ" پائالىيىتىگە قاتناشقان بولۇش؛ (4) "ئىجماﺋ" نەتىجىسىدە ئىلگىرىكى ئىختىلاپلار تۈگىتىلگەن بولۇش.

4) "قىياس" مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارنى «قۇرئان كەرىم»دە ۋە ھەدىستە زىكرى قىلىنمىغان مەسىلىلەرگە تەتبىقلاپ، شۇ ئاساستا بىر خۇلاسىگە كېلىپ ھۆكۈم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، فەقىھلەر ئۈزۈم شارابى ۋە خورما شارابىنى ھاراققا قىياس قىلغان. ئەرەبلەر قۇرۇق ئۈزۈم، خورما قاتارلىق مېۋىلەرنى سوغاق سۇغا بىرنەچچە كۈن چىلاپ ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچىشنى ياخشى كۆرەتتى. ھالبۇكى، سۇغا چىلانغان قۇرۇق ئۈزۈم، خورما سۇدا ئېچىغاندىن كېيىن ئىسپىرت پەيدا بولاتتى. ھاراق «قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق قىلىپ ھارام دەپ بېكىتىلگەن. ئۈزۈم ۋە خورما شارابى بىلەن ھاراقنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى ئادەمنى مەست قىلىدىغان ئىسپىرتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئىدى. مۇشۇنداق قىياس قىلىش يولى بىلەن، ئۈزۈم شارابى بىلەن خورما شارابىمۇ ھارام قىلىنغان ئىچىملىك دائىرىسىگە كىرىدۇ دېگەن ئەھكام چىقىرىلغان.

بىر كىشى ئەبۇ ھەنىفەنى ئەھكام تۇرغۇزۇش جەريانىدا "قىياس" پرىنسىپىنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستىكى ئېنىق بەلگىلىمىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ ھۆكۈم چىقاردى دەپ ئەيىبلىگەندە، ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دېگەن: "«قۇرئان كەرىم»دە ۋە ھەدىستە ئېنىق بەلگىلىمە بولىدىغان بولسا 'قىياس' نىڭ نېمە كېرىكى؟ بىز ئىلاجىسىزلىقتىنلا 'قىياس' ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. ھەممىدىن ئاۋۋال «قۇرئان كەرىم»گە، ئۇنىڭدىن قالسا ھەدىسكە، ئاندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىنىڭ ھۆكۈمىگە، ئاخىردا رەسۇلۇللا ساھابىلىرىنىڭ ھۆكۈمىگە ئەمەل قىلىمىز. ئەگەر مەلۇم بىر ئەھكام توغرىسىدا ئۇلارنىڭ پىكرى ئوخشاش چىقمىغان، ئىختىلاپ ساقلانغان بولسا، بىز ئاندىن 'قىياس' پرىنسىپىنى قوللىنىمىز⑧".

ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، "قىياس"

---

❶ مۇجتەھىد—ئىجتىھاد قىلغۇچى. —تەرجىماندىن.

پرىنسىپىنى قوللىنىشتا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى هازىرلاش كېرەك: (1) "قىياس"نى پەقەت «قۇرئان كەرىم» دىن، ھەدىستىن ئاساسلىنىدىغان ئېنىق بەلگىلىمە تاپالمىغان ئەھۋالدىلا تەتبىق قىلىش؛ (2) "قىياس" قىلىنىدىغان ھۆكۈم "قىياس" دائىرىسىدە بولۇش؛ (3) ئىلگىرىكى ھۆكۈمنىڭ ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىرىنىلا "قىياس" قىلىش، ئالاھىدە ۋە ۋاستىلىك چىقىرىلغان يەكۈننى "قىياس"نىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ؛ (4) "قىياس" پرىنسىپىنى قوللىنىش داۋامىدا ئاساسلانغان ئىلگىرىكى ھۆكۈمنى ئۆزگەرتمەسلىك؛ (5) مەنسۇخ قىلىنغان ئەھكاملارنى "قىياس" پرىنسىپىنى قوللىنىش دائىرىسىگە كىرگۈزمەسلىك.

5) "ئىستىھسان" (ياخشىسىنى تاللاش) ئەھكام تۇرغۇزۇش جەريانىدا «قۇرئان كەرىم» دىن ۋە ھەدىستىن ئاساسلانغۇدەك بەلگىلىمە تاپالمىغاندا، مۇئەييەن شەرت ئاستىدا، "قىياس"نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، ھۆكۈم چىقىرىشقا پىشقىلىق مەسىلە ئۈستىدە ياخشى ئۇسۇلنى تاللاپ، ئادىل ۋە مۇۋاپىق ھۆكۈم چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ.

ھەنەفىي مەزھىپى "ئىستىھسان" پرىنسىپىنى ئەھكام تۇرغۇزۇشنىڭ قوشۇمچە مەنبەسىدىن بىرى قىلىدۇ. شافىئىي مەزھىپى بىلەن مالىكىي مەزھىپى بولسا بۇنى شەرىئەتنىڭ بىر مەنبەسى قىلىشقا شەر-تى توشمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەنەفىي مەزھىپى بۇنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستىكى ئېنىق ئىبارىلەر بىلەن ئىسپاتلاپ، مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: **"سۆزگە قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا (يەنى تەقۋادار بەندىلىرىمگە) خۇش خەۋەر بەرگىن..."** (39-سۈرە «زۇمەر»، 18-ئايەت)، **"سىلەر ... سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ گۈزەل قۇرئانغا ئەگىشىڭلار"** (39-سۈرە «زۇمەر»، 55-ئايەت). ھەدىستىمۇ مۇنداق دېيىلگەن: **"مۇسۇلمانلار ياخشى ھېسابلىغان نەرسە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىمۇ ياخشىدۇر"**.

"ئىستىھسان" ئۇسۇلى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مەلۇم بىر مەسىلىگە ھۆكۈم قىلىشتا «قۇرئان كەرىم» دىن ياكى ھەدىستىن ئاساس تاپالمىغاندا، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، ئەقلىي جانلىق ئىشلىتىپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. مەسىلەن، سودا مۇناسىۋىتىدە ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلۇپ قالسا، بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشتا قەسەم بۇيرۇلىدۇ، پرىنسىپ جەھەتتە دەۋاگەر دەلىل-ئىسپات كۆرسىتىدۇ، جاۋابكار قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەمما ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، سودا قىلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا پۈتۈشۈشتىن بۇرۇن مالنىڭ باھاسى مەسىلىسىدە ئىختىلاپ تۇغۇلۇپ قالسا (مەسىلەن، ساتقۇچى باھانى 2000 يۈەن دېسە، ئالغۇچى 1000 يۈەن دېسە)، "ئىستىھسان" پرىنسىپى بويىچە، ھەر ئىككى تەرەپ قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. بۇ مەسىلىدە "ئىستىھسان" پرىنسىپىنى قوللىنىشتىكى سەۋەب شۇكى، ساتقۇچى تەرەپ مېلىمىنىڭ قىممىتى 2000 يۈەنگە ئەرزىيدۇ دەپ تۇرۇۋېلىپ مالنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلىقتىن، ئالغۇچى تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەن بولىدۇ؛ ئالغۇچى تەرەپ مالنىڭ باھاسىغا قوشۇلغان پۇلنى ئېتىراپ قىلماي، پۇل تۆلەشنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى تەرەپ بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ھەم دەۋاگەر، ھەم جاۋابكارغا ئايلىنىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ھەر ئىككىسىگە قەسەم كېلىدۇ.

ھەنەفىي مەزھىپى ئۇچۇن ئېيتقاندا، "ئىستىھسان" پرىنسىپى خالىغانچە قوللىنىدىغان پرىنسىپ ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن ئىش ئىچىدىكى ئىككى خىل ئىسپات ئىچىدىن ئاقىلانىلىق بىلەن بىرىنى تاللىۋېلىش پرىنسىپىدۇر. بۇ بىر خىل جانلىق ئۇسۇل ۋە پرىنسىپتىن ئىبارەت.

6) ئۆرپ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ئۆرپ-ئادەتنى كۆرسىتىدۇ. ھەنەفىي مەزھىپى ئادەتنى ئەھكام تۇرغۇزۇشنىڭ قوشۇمچە مەنبەسى قىلىدۇ. ئۇلار بۇنداق قىلىشتا «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىسكە ئاساسلانغان. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: **"ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)"** (7-سۈرە «ئەئراف»، 199-ئايەت). بۇ ئايەتتىكى

پەندەنەسىھەتتە كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرىنى پايدىلىنىدىغان ئاساس قىلغان ھالدا ھەق-ناھەققە ھۆكۈم قىلىش، مەسىلىلەرنى كېسىش كۆزدە تۇتۇلغان. ھەدىستىن "مۇسۇلمانلار ياخشى ھېسابلىغان نەرسە ئاللانىڭ نەزىرىدىمۇ ياخشىدۇر" دېگەن ھەدىس ئاساس قىلىنغان. دېمەك، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئادەتكە ئاساسلىنىپ چىقىرىلغان پەتىۋا ئەھكام كۈچىگە ئىگە.

ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، ئادەتنى ئەھكام تۇرغۇزۇشنىڭ قوشۇمچە مەنبەسى قىلىشتا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك: (1) ئادەت مەلۇم شەخسنىڭ ياكى ئاز سانلىق كىشىنىڭ ئادىتى بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ئادىتى بولۇش؛ (2) ئادەت «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شەرىپكە ياكى "ئىجماھ" پرىنسىپى بويىچە ھۆكۈم قىلىنغان مەسىلىگە زىت كەلمەسلىك.

### 3. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى

#### 1) جانلىق، كەڭ قورساق بولۇش، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش

ھەنەفىي مەزھىپى "ئەھلى راي" (پىكىر تەرەپدارلىرى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يەنى ئۇلار «قۇرئان كەرىم» دىن ۋە ھەدىستىن ئېنىق ئاساس تاپالمىغان ئەھۋالدا، ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىۋاتقان يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە "راي" (پىكىر) ۋە "قىياس" قا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ شەرىئەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھۆكۈملەرنى چىقارغان. بۇ مەزھەپنىڭ ۋەكىلى بولغان ئەبۇ ھەنىفە مەنتىققە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى، تەپەككۇرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقى، قىياس قىلىشتا ماھىرلىقى بىلەن داڭق چىقارغان. ئەھكام تۇرغۇزۇش جەريانىدا، ئۇ شەرىئەتنىڭ مەنبەسىگە ۋە قوشۇمچە مەنبەلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ قىياس قىلىپ، ئىلگىرىكى پەتىۋالارغا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن مەسىلىلەرنىڭ ئوخشىشىدىغان، ئوخشاشمايدىغان پەرقىنى تېپىپ چىقىپ، ئاساسقا ئىگە بولغان.

ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتە زىكرى قىلىنمىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا، ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈپ، توغرىلىق-ناتوغرىلىق تەرەپلىرىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئاندىن كېيىن شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولغان-بولمىغانلىقىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شەرىپتە كۆرسىتىلگەن پرىنسىپ ئاستىدا، كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ قىياس قىلىش، جانلىق ئىش كۆرۈش ئۇسۇلى بىلەن، لايىقىدا ھۆكۈم چىقىرىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا، شەرىئەتنى تېگىشلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ.

#### 2) ئەمەلىي ئەھۋالغا ئېتىبار بىلەن قاراش، بىر خىل شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىق

ھەنەفىي مەزھىپى"قىياس" ۋە"ئىستىھسان" پرىنسىپىنى قوللىنىشتا ماھىرلىقى بىلەن داڭق چىقارغان، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ، شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالماي، شەرىئەتنىڭ قوشۇمچە مەنبەلىرىدىن جانلىق پايدىلىنىپ، زامان ۋە ماكانغا، مەسىلىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئوخشاش ھەر خىل ئامىللارغا بىرلەشتۈرۈپ، ئامىمغا پايدىلىق ھۆكۈم چىقارغان.

ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى ئېتىقادىغا ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئېتىبار بىلەن قاراش، سىرتقى كۆرۈنۈشنى ۋە شەكىلنى قوغلاشماسلىقتىن ئىبارەت

**ئىزاھلار:**

① ۋەھھاب سۇلەيمان: «ئەبۇ ھەنىفە»، 50-بەت.

② مۇۋافىق: «مۇۋەپپەقىيەت يولى»، ئەرەبچە نۇسخا، 373-بەت.

③ خۇارەزمى: «ئىمامنىڭ مەسئۇلىيىتى»، ئەرەبچە نۇسخا، 2-توم، 415-بەت.

④ خەتىب: «تارىخى باغداد»، ئەرەبچە نۇسخا، 13-توم، 352-بەت.

⑤ مۇھەممەد ئەبۇ زەھرە: «ئەبۇ ھەنىفەنىڭ تەرجىمھالى»، ئەرەبچە نۇسخا، 32-بەت.

⑥ ئىبنى ئابدۇلبارى: «جەۋھەرلەر توپلىمى»، 1-توم، 82-بەت.

⑦ غەززالى: «بەخت يولى»، 2-توم، 244-بەت.

⑧ سەرخسى: «شەرىئەت ئاساسلىرى»، 149-بەت.

(تەرجىمە قىلغۇچى: خوجائابدۇللا ھاجى)

# خەتنە توي قىلىش سۈننەتمۇ؟

◆ ئابدۇلھەپىز ئابدۇرەھىم ئىلتەبىر

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

خەتنە قىلىش — ئوغۇل باللارنىڭ زەكەر بېشىنى قاپلىۋالغان تېرىنى ئېلىۋېتىش بولۇپ، ئىسلام دىنىدا سۈننەت ھېسابلىنىدۇ ۋە ئادەتتە مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ، باللار ئالتە يەتتە ياشقا كىرگەندە ياكى 12 ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن بۇ رەسمىيەتنى مەخسۇس خەتنىچىلەرنىڭ بېجىرىشى بىلەن ئادا قىلىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كۆرسىتىلىشىچە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەتنە قىلىشنى ئىنسان تەبىئىتى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئون چوڭ ئىش، يەنى ساقال-بۇرۇتنى ئېلىش، خەتنە قىلىش، مىسۋاك ئىشلىتىش (چىشنى چوتكىلاش)، بۇرۇنغا سۇ ئېلىش (مىژ-مىژ قىلىش)، تىرناقنى ئېلىش، پۇت-بارماق ئارىلىقلىرىنى يۇيۇش، قولتۇق تۈكىنى ئېلىش، تاناسىل ئەزا تۈكلىرىنى چۈشۈرۈش، ئىقتىسادچانلىق بىلەن سۇ ئىشلىتىش ۋە ئېغىز چايقاش (غار-غار قىلىش) قاتارىغا كىرگۈزگەن. شەرىئەتتە كۆرسىتىلىشىچە، ئوغۇل باللار خەتنە قىلىنغاندىن كېيىن، زەكەر بېشىغا پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، تاھارەت ئېلىش، غۇسۇل قىلىشقا قۇلايلىق بولىدۇ (سالامەتلىككە ھەم پايدىلىق). شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار بۇ سۈننەتكە قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ ۋە بۇنى "خەتنە قىلىش" دېيىش بىلەن بىللە بەزىدە "سۈننەت قىلىش" دەپمۇ ئاتايدۇ، بۇ، مۇشۇ جەھەتتىكى سۈننەتنى بەجا كەلتۈرۈش دېگەنلىك بولىدۇ. (ئەلۋەتتە، شىمالىي ئافرىقىدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قىز باللارنى خەتنە قىلىش — قىز باللارنىڭ دىلچىقىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش ئادىتىمۇ بار، بۇ، شۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئەسلى ئادىتى بولۇپ، ئىسلام دىنىدا كۆرسىتىلگەن ئوغۇل باللارنى خەتنە قىلىش بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق ئەھۋال. شۇڭا، مۇسۇلمانلار قىزلارنىمۇ خەتنە قىلىدۇ، دەپ قارالسا، ھەرگىز توغرا بولمايدۇ).

دېمەك، خەتنە قىلىش — سۈننەت. ئەمدى خەتنە توي قىلىشچۇ؟ بۇ، سۈننەت ئەمەس. ئەمەلىيەتتىكى ئەھۋالغا قارايلى!

جەمئىيىتىمىز ئىچىدىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە خەتنە تويدىن ئىبارەت ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىق بىلەن قىلىنىۋاتقان خاتا بىر توي مىللىتىمىزنىڭ جۈملىدىن دىيارىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئامىسىنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي تۇرمۇشىغا غايەت زور توسالغۇ ۋە ئاپەت بولۇپ كەلمەكتە. ھالبۇكى، خەتنە توي ئۆتكۈزۈش ئىسلامنىڭ قانۇنى مەنبەسى بولغان «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ روھىغا خىلاپ قىلمىش.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ تا ۋاپات بولغۇچە ساھابىلەر ئۆز ئوغۇللىرى ئۈچۈن خەتنە توي قىلمىغان، جۈملىدىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەۋرىسى، ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بۇۋى پاتىمەنىڭ ئىككى ئوغلى ئىمامى ھەسەن ۋە ئىمامى ھۈسەيىننىڭ خەتنە تويىنىمۇ قىلمىغان، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل ھاياتىدا ئوغۇللار ئۈچۈن خەتنە توي قىلىشنى بۇيرۇپ بىرەر ھەدىسىمۇ قالدۇرمىغان؛ «قۇرئان كەرىم» ۋە سىھاھى سىتتە (ساغلام ئالتە ھەدىس كىتابى) دېگەن مۇقەددەس كىتابلاردىمۇ، ئىسلام ئالىملىرى بولغان تەپسىرشۇناس ۋە ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ خەتنە توي دەيدىغان بۇنداق ئاتالغۇ قەتئىي ئىشلىتىلمىگەن. ئىسلام دىنىدىكى تۆت مەزھەپ كۆز قاراشلىرىنىڭ بىرەرسىدىمۇ خەتنە تويىنىڭ بارلىقىنى تاپالمايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆلىما ۋە مۇجتەھىدلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ خەتنە توي قىلىش توغرۇلۇق قىلغان بىرەر سۆزىنىمۇ

ئۈچرىتالمايمىز. ئۇنداقتا بىز نېمىگە ئاساسلىنىپ خەتنە توي قىلىمىز؟ يەنە كېلىپ خەتنە تويىنى سۈننەت توي دەپ ئاتايمىز؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" **يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئۆزىنىڭ ئەقىيقىسىگە باغلىنىشلىق تۇغۇلىدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئاللانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن قوي ئۆلتۈرۈلىدۇ، بوۋاققا ياخشى مەزمۇنلۇق گۈزەل ئىسىم قويۇلىدۇ، بوۋاقنىڭ چېچى چۈشۈرۈلىدۇ**" (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى) . بىز يۇقىرىقى ھەدىس شەرىپىنىڭ مەزمۇنىغا قارايدىغان بولساق، خەتنە توي دېگەن ئاتالغۇنى ھەرگىزمۇ ئۇچرىتالمايمىز. ناۋادا مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى قىلىشنى چىن دىلىمىزدىن خالايدىغان بولساق، خەتنە تويىنىڭ ئورنىغا بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى قىز-ئوغۇل پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن ئاللا ھالال قىلىپ بەرگەن چاھارپايلاردىن خالىغىنىمىزنى ئۆلتۈرۈپ ئەقىيقە قىلساق، ئۇلارنىڭ چېچىنى چۈشۈرسەك، ئۇلارغا ماس گۈزەل ئىسىملارنى قويساق، بۇ چاغدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشكەن بولىمىز. جەمئىيىتىمىزدە قىلىنىۋاتقان خەتنە تويلارنىڭ يەنە بىر يامان يېرى شۇكى، ئاز ساندىكى كىشىلەر خەتنە توي قىلدىم دەپ، ئاللا ۋە پەيغەمبەر بۇيرۇمىغان ئىشنى (بىدئەتنى) سۈننەت تويى دەپ باغاقچىلارغا يېزىپ، بۈيۈك دىنىمىزغا بوھتان چاپلاپ، دىنىمىزنىڭ ئوبرازىغا يامان تەسىر يەتكۈزمەكتە. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇيرۇمىغان ۋە قىلمىغان ئىش قانداقمۇ سۈننەت بولسۇن؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: "**ھەرقانداق بىر كىشى ماڭا يالغاننى چاپلىسا، ئۇنداق كىشى ئۆزىگە دوزاختىن بىر كىشىلىك ئورۇن ھازىرلىغان بولىدۇ.**" مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: "**سىلەر ئىسلامدا يوق، يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار، يېڭىدىن**

**تۈزىتىش**

ژۇرنىلىمىزنىڭ 3-سان مۇقاۋىسىدىكى مەسچىت س
بولۇپ، ژۇرنالدىكى تونۇشتۇرۇشتا "يېرۇسالىمدىكى ئەقسا
گەرچە بىر يەردە بولسىمۇ نامى پەرقلىنىدۇ، تۈزىتىۋېلىش

# ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ هاراملىقى توغرىسىدا

♦ ئابدۇكېرىم قارىم

ناهايىتى شەپقەتلىك ۋە مېهرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆزىنى (قايسى يول بىلەن بولسۇن) ئۆلتۈرۈۋېلىشى ئىسلام دىنىدا هارام قىلىندى. ئاللاتائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار"** (4-سۈرە «نىسا»، 29-ئايەت). ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇچى ئاخىرەتتە دوزاختا مەڭگۇ قېلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنى نېمە بىلەن ئۆلتۈرگەن بولسا شۇنىڭ بىلەن ئازابلىنىدۇ. مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن **"كىمكى ئۆزىنى تاغدىن (ئېگىزدىن) تاشلاپ ئۆلۈۋالسا، ئۇ كىشى جەهەننەمدە ئېگىزدىن تاشلىنىپ ئازاب قىلىنىدۇ. كىمكى زەهەرلىك دورا ئىچىپ ئۆلۈۋالسا جەهەننەمدىمۇ زەهەرلىك دورا ئىچۈرۈلۈپ ئازاب قىلىنىدۇ. كىمكى ئۆزىنى تۆمۈر بىلەن زەخىملەندۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋالسا جەهەننەمدىمۇ شۇ تۆمۈر بىلەن ئۆزىگە ئازاب سېلىنىدۇ"** (ئەبۇ هۇرەيرە رىۋايەت قىلغان). ئەمما مەزكۇر كىشىنىڭ دۇنيادىكى جازاسى: ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن دورا ئىچىپ، دورىنىڭ تەسىرى زور بولماي هايات قالسا، ئۇنداق كىشىگە شەرىئەتتە تەئزىر ئۇرۇلىدۇ. بىرەر كىشىگە ئەگەر ئېغىر كېسەل يەتسە ياكى بىرەر قاتتىق خاپىلىق يەتسە، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشى هارامدۇر. بۇ هەقتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: **"سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا بىرەر زەرەر يەتسە، ئۇ زەرەرنىڭ جەهەتىدىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن. ئەگەر ئامالسىز قالسا، ئى ئاللا! ئەگەر ماڭا هاياتلىق ياخشى بولسا جانىنى هايات قويغىن، ئەگەر ۋاپاتلىق ياخشى بولسا مېنى ۋاپات قىلدۇرغىن، دېسۇن "** (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەگەر كىشى ئۆز كېسىلىنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ ياكى بىرەر ئېغىر خاپىلىق تۈپەيلىدىن ئۆلۈمگە ئالدىراپ، ئۆلسەم بىراقلا قۇتۇلىمەن دەپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا، بۇ تېخىمۇ ئېغىر گۇناه. ئۇ كىشى ئۆلگەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى پەقەت ئاللاغىلا مەلۇم، چۈنكى ئاخىرەتنىڭ ئىشى غەيىب ئىشلاردىن بولۇپ، غەيبنى بىر ئاللادىن باشقا هېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاتائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"غەيبنى ئاللادىن باشقا كىشى بىلمەيدۇ"**.

بەزى كېسەللەرنىڭ ساقىيىشىدىن دوختۇرلار ئۈمىد ئۈزگەن، داۋالاشنى توختاتقان بولسىمۇ ئاللاتائالانىڭ شىپالىق بېرىشى بىلەن تەدرىجىي ساقايغانلارمۇ بار، شۇنداقلا ئېغىر خاپىلىق ۋە غەم-ئەندىشىگە پاتقانلاردىنمۇ ئاللاتائالانىڭ رەھمىتى بىلەن غەم-ئەندىشىدىن خالىي بولغانلارمۇ بار، شۇڭا مۇسۇلمان ئادەم مەيلى ئېغىر كېسەل بولسۇن ۋە ياكى قاتتىق خاپىلىققا ئۇچرىغان بولسۇن، ئۆزىنى ياراتقان بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى، هەممە ئىشنىڭ شۇ ياراتقۇچىنىڭ ئىلكىدە بولىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارماي، ئۇ ياراتقۇچىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەي، سەۋر قىلىپ هەم ئىلگىرى بىلىپ-بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناهلىرىغا چىن دىلىدىن تەۋبە قىلىپ ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرسا، شۈبهىسىزكى، ئاللاتائالا ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلىدۇ. ئاللا تائالا بۇ هەقتە شۇنداق دەيدۇ: **"شۈبهىسىزكى، ئاللا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە"**. بەزى ئادەملەر ئۆزىنىڭ يوقسۇزلۇقى ئۈستىگە كېلىۋاتقان بالا-قازا ياكى تۈيۈقسىز جۇدالىق تۈپەيلىدىن جېنىدىن تويۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئازراقلا تەپەككۇر قىلىپ، زاماننىڭ داۋاملىق بىر هالەتتە تۇرمايدىغانلىقىنى، كۆڭلەرنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ هەممە ئىشنىڭ ئاللانىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنى ئويلىسا، ئۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى قىلمىغان بولاتتى. بەزى ئىمانى ئاجىز

كىشلەر ئېغىر خاپىلىق ئۈستىدە تۇرغىنىدا سەۋر قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن شەيتانىنىڭ ئاردۇرۇشى بىلەن ئۆزىنى ۋە پەرۋەردىگارىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ-دە، ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان هالدا ئۆلىدۇ.

ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى خۇددى باشقا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش قەبىھ گۇناھ هېسابلىنىدۇ. ئەقىللىق ئىنسان ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ياشاشقا هېرىس بولۇش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر. ئەقىل-هوشىنى يوقىتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش بەرىبىر شۇ ئىنساننىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىگە قىلغان ئەڭ قاتتىق زۇلۇمىدۇر.

شۇڭا مۇسۇلمان ئادەم ئۆز بېشىغا هەرقانچە ئېغىر خاپىلىق، بالا-قازا كەلسىمۇ سەۋر قىلىپ، پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلەپ هەم ئۈمىد كۈتۈپ تۇرۇشى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە هاجەت نامىزى ئوقۇپ، ئۆز بېشىغا كەلگەن بالا-قازا ۋە غەم-ئەندىشىدىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئاللادىن تىلىشى كېرەك؛ ئۆيگە هەرگىز بەزىبىر چالا موللا ۋە داخانلارنى تەكلىپ قىلىپ، خەتنە ئوقۇش نامى بىلەن ئىسلام دىنىمىزغا يات بولغان پائالىيەتلەرنى قىلماسلىق لازىم.

جانابىي ئاللا بىز مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا باشلىغاي، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتەك قەبىھ گۇناھنى ئۆتكۈزۈپ سېلىشتىن ساقلىغاي، ئامىن!

**(ئاپتور: يەكەن ناهىيىسى قوشئېرىق يېزىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن هاجى)**

# ۋەقپىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر

1. لوپ ناهىيىسىدىن: **سۇلايمان قارىي 200 يۈەن**
2. قاراماي شەهرى مايتاغ رايونىدىن: **پاتىگۈل 124 يۈەن**
3. شىخەنزى شەهرىدىن: **مۇهەممەتجان هاجى 100 يۈەن**
4. بۇگۇر ناهىيىسىدىن: **رەخمەتجان 80 يۈەن**
5. قاغىلىق ناهىيىسىدىن: **مۇختار ياقۇپ 70 يۈەن**
6. قەشقەر شەهرىدىن: **ئىمەتجان نۇر 40 يۈەن**
7. ئۈرۈمچى شەهرىدىن: **قۇربانجان يۈسۈف 30 يۈەن**
8. بۆرتالا شەهرىدىن: **مۇهەممەتجان سىدىق 30 يۈەن**
9. ئەزهەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن: **ئابدۇخالىق هاجى ئابدۇلهەق 21 يۈەن**
10. ئاتۇش شەهرىدىن: **ئىسمائىلجان رېزمىيدىن20 يۈەن**
11. ئۈرۈمچى شەهرىدىن: **هەجىر سابىت 20 يۈەن**
12. تۇرپان شەهرىدىن: **هاۋاگۈل غېنى 10 يۈەن**
13. شىئەن تاش يول قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدىن: **ئابلىز ياسىن 10 يۈەن**
14. يەكەن ناهىيىسىدىن: **ئابدۇغېنى هېكىم 10 يۈەن**
15. يوپۇرغا ناهىيىسىدىن: **غېنى قارىي ئىمىن 10 يۈەن**
16. يوپۇرغا ناهىيىسىدىن: **ئابلىكىم توختى 10 يۈەن**
17. يوپۇرغا ناهىيىسىدىن: **پولاتجان مەخمۇت 10 يۈەن**
18. يوپۇرغا ناهىيىسىدىن: **ئابلا ئەخمەت سېيىدىن0 1 يۈەن**
19. يوپۇرغا ناهىيىسىدىن: **غېنى قارىي ئابدۇرىشىت 10 يۈەن**
20. قەشقەر شەهرىدىن: **ئانىقىز مجىت 8 يۈەن**
21. يېڭىسار ناهىيىسىدىن: **مۇهەممەت سېيىت ئىسمائىل 5 يۈەن**

1. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **قادىر هېلىم هاجى 60 يۈەن**
2. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **مۇهەممەت تۇرسۇن هاجى 50 يۈەن**
3. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **ئىمىن قارىي تارىم 50 يۈەن**
4. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **ئىمىنجان مۇهەممەت 20 يۈەن**
5. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **ئابدۇقېيۇم سەلەي20 يۈەن**
6. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **مجىت هاشىم هاجى20 يۈەن**
7. مارالبېشى ناهىيە يېڭىۋاغدىن: **ئابدۇرىشىت تارىم 20 يۈەن**
8. مارالبېشى ناهىيە ئالاغىر يېزىسىدىن: **ئابدۇرۇسۇل ۋاسىل 15 يۈەن**
9. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **تاجى تىللا قاسساپ 15 يۈەن**
10. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **ئابلىز يولداش 15 يۈەن**
11. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **روزى قارىي 15 يۈەن**
12. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **ئەخمەت قادىر هاجى 15 يۈەن**
13. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **هۈسەيىن تۇرسۇن 10 يۈەن**
14. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **ئابدۇرەهىم بەكرى هاجى 10 يۈەن**
15. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **ئابدۇرەهىم دوڭقوتان 10 يۈەن**
16. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **ئىمىن قارىي 10 يۈەن**
17. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **هۈسەيىن هېكىم 10 يۈەن**
18. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **يۈسۈف هۈسەيىن تەرەققىيات 10 يۈەن**
19. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **تۇرغۇن ئابلىز 10 يۈەن**
20. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **ئەخمەتجان ئەخمەت 10 يۈەن**
21. مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: **ئەخمەت قارىي 5 يۈەن**

ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى مارالبېشى ناهىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن قادىر هېلىم هاجى

# ئەسسالامۇئەلەيكۇم

♦ ياقۇپ ھەمدۇللا

كىشىلەر ئىجتىمائىي ئالاقىنى ئەڭ ئاۋۋال سالاملىشىشتىن باشلايدۇ، سالاملىشىش ئارقىلىق تونۇشمىغانلار تونۇشىدۇ، تونۇشىدىغانلارنىڭ دوستلۇق مۇھەببىتى ئارتىدۇ، ھۆرمەت، ئىشەنچىسى چوڭقۇرلىشىدۇ، سالام مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك ئۇچرىشىشتا ئېيتىدىغان بىرىنچى ئەدەپ سۆزى.

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن دىن. **"ھەقىقەتەن ئاللانىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر"** (3-سۈرە «ئال ئىمران»، 19-ئايەت). ئىسلام دىنىنىڭ يۈكسەك ئەدەپ-ئەخلاق ئىدىيىسىنىڭ پروگرامما خاراكتېرلىك نۇرلۇق يېتەكچىسى «قۇرئان كەرىم» دۇر. **"قۇرئان پەقەت پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر"** (6-سۈرە «ئەنئام»، 90-ئايەت). **"ئاللا سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى"** (39-سۈرە «زۇمەر»، 23-ئايەت). مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقاندەك: **"قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى قىرائەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر"**. «قۇرئان كەرىم» دە: **"سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتۇھۇ دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋەئەلەيكۇمئەسسالام دەڭلار). ئاللا ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىدىن (يەنى بەندىلىرىنىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلىرىدىن) ھېساب ئالغۇچىدۇر"** (4-سۈرە «نىسا»، 86-ئايەت) دەپ مۇسۇلمانلارنى سالام بېرىش ۋە سالام ئېلىشقا ئەمر قىلىپ، سالام كەلىمىسىنى ئۈلگە كۆرسىتىپ ئالاھىدە تەكىتلىگەن. "ئەسسالامۇئەلەيكۇم" نىڭ ھازىرقى تىلىمىزدىكى مەنىسى: ساڭا ئامانلىق تىلەيمەن، دېگەنلىك. "ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەركاتۇھۇ" دېگەن جاۋاب سالام: ئاللا ساڭىمۇ ئامانلىق، رەھمەت ۋە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار بىر-بىرىگە بولغان قېرىنداشلىق ھۆرمىتىنى، ياخشى ئارزۇ-تىلىكىنى ئىزھار قىلىش بىلەن ئاللانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئاللانىڭ ساۋابىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. دېمەك، سالام بېرىشمۇ، جاۋاب سالام بېرىشمۇ ئاللانىڭ ئەمرىدۇر. سالام بېرىش ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ ئاللاتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ، جەننەتكە ئېلىپ چىققاندا باشلانغان. ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان چاغدا، بويىنى 60 گەز ئۇزۇنلۇقتا ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئاشۇ پەرىشتىلەرگە سالام بەرگىن ۋە ئۇلارنىڭ ساڭا بەرگەن قايتۇرما سالامىغا قۇلاق سالغىن، بۇ سېنىڭ ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ قوللىنىدىغان سالام بولۇپ قالىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرگە 'ئەسسالامۇئەلەيكۇم' دەپ سالام بەردى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا جاۋابەن 'ئەسسالامۇئەلەيكوم ۋە رەھمەتۇللاھى' دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى. جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدىغان چاغدا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكلىدە بولۇپ كىرىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئادەملەر ھۆسن-چىرايى ۋە قەددى-قامەت جەھەتتىن ئارقىغا چېكىنىپ كېلىۋاتىدۇ"** («سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى»، 167-بەت).

دېمەك، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ئەدەپ بىلەن سالام بېرىشى ئاللانىڭ ئەمرى، ئادەم ئاتىمىزنىڭ تەۋەررۈكى، ئۇزاق تارىخىي جەرياندا داۋاملىشىپ، ئەنئەنىۋى مىللىي ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ياخشى پەزىلەت، ئەنئەنىۋى ئادەت.

ئاللا تاللىغان پەيغەمبەرلىرىمىز سالام

بىرىشتەك ئەدەپ-ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئۈلگىلىرى ئىدى. مەسىلەن، بىزنى ئىككى دۇنيالىق بەختكە يېتەكلىگۈچى، گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرغۇچى، بۇ دۇنيادا مەنپەئەتلىنىش، ئۇ دۇنيادا لەززەتلىنىش ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللانىڭ مۇبارەك كالامىنى ئۆز ئۇممەتلىرىگە يەتكۈزگۈچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلاردىكى ئالىي پەزىلەت، گۈزەل خىسلەت، ياخشى خۇلقنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇ: **"مەن گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم"** دېگەنىدى. «قۇرئان كەرىم»دە: **"ئى مۇھەممەد! سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن"** (68-سۈرە «قەلەم»، 4-ئايەت). **"سىلەرگە — ئاللانى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللانى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە — رەسۇلۇللاھتە ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر"** (33-سۈرە «ئەھزاب»، 21-ئايەت) دەپ كۆرسەتكىنىدەك ئىدى. **«ئۇ ئاللاتائالانىڭ ئىنايىتى ۋە كارامىتى بىلەن مىراج كېچىسى روھى ئالەم بىلەن ئۇچراشقاندا:**

**—ئاللاغا سالام، پاكلىق ۋە رەھمەت ئاللاغا خاستۇر. —دېدى.**

**ئاللادىن نىدا كەلدى:**

**—سالام ساڭا ئەي پەيغەمبەر، خۇدانىڭ رەھمەت ۋە بەرىكىتى ساڭا بولسۇن!**

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دېدى:**

**—سالام ۋە رەھمەت مۆمىن، ياخشى بەندىلەرگە بولسۇن!**

**ئاللادىن نىدا كەلدى:**

**—سالام ئەي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! ئاللانىڭ رەھمەت ۋە بەرىكىتى ساڭا بولسۇن!**

**بۇ ئىنايەت ۋە كارامەتتىن خۇشنۇد بولدۇم ۋە ئېيتىمەنكى:**

**—ئىلاھا، ئۇممەتلىرىمگە ھەدىيە قىلىپ ئېلىپ بېرىشىم ئۈچۈن ماڭا بىرنەرسە ئاتا قىلساڭ!**

**نىدا كەلدى:**

**—ئى مۇھەممەد، مېنىڭ دەرگاھىمدا ھەممە نەرسە بار. نېمە تىلىسەڭ شۇنى بېرىمەن. سېنىڭ ئۇممەتلىرىڭ مېنىڭ بىرلىك، بارلىقىمنى قوبۇل قىلىپ ھەقىقىي ئىمان كەلتۈرسە، مەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىمەن. سېنىڭ شاپائىتىڭگە نېسىپ قىلىمەن"** («قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 478-بەت). يۇقىرىقى سەترىلەر دىلىمىزنى يورۇتۇپ، تىلىمىزغا تەستىق سالىدۇكى، ئاللانىڭ سالامى، رەھمەت-شەپقىتى، بەرىكەت ۋە مەغپىرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىز ئۇممەتلىرىگە ھەدىيە قىلغان ئالىي مۇكاپاتىدۇر. بىز ئۇممەتلەر، ئاللانىڭ يېقىن دوستى، بىزگە چەكسىز شاپائەت قىلىپ، ئىككىلا دۇنيادا بەختكە يېتىشىمىزگە ۋاستىچى بولغۇچى پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆيۈنەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئاللانىڭ سالامىنى تەۋەررۇك بىلىپ، ئەۋلادلارغىمۇ ئۆتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلساق، ئەجرىمىزنى ئاللا بەرگۈسى. «قۇرئان كەرىم»دە: **"ياخشى سۆز ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ. ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ"** (35-سۈرە «فاتىر»، 10-ئايەت) دەپ ئېنىق قەيت قىلىنغان. ئاللانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولايلى. ئىنشائاللا.

سالام بېرىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دە: **"پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن! ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر"** (37-سۈرە «سافقات»، 181—182-ئايەتلەر) دېگەن ئايەتلەر بار. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **"سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەسچىتكە كىرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەرسۇن"** دېگەنىدى. (ئەبۇ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). شۇڭا مەسچىتكە ھەر ۋاقىت سالام قىلىپ كىرىمىز. پەيغەمبەرلەرگە سالام بېرىش ئاللانىڭ ئەمرى بولۇپ، بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بۈيۈك پەرز. جەننەتلەر بېھىشكە كىرسە، پەرىشتىلەر ھەر ۋاقىت سالام بېرىپ تۇرىدۇ. **"ئۇلار جەننەتتە (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان) دۇئا سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ"** (25-سۈرە «فۇرقان»، 75-ئايەت). مەسچىتتە مۇسۇلمانلار ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپ، ئاندىن نامازدىن پارىغ بولىدۇ. ھەر ھەپتىدە جۈمە نامىزىدىن تارىغاندا، ھەر يىلدا بىر كېلىدىغان ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام قۇربان ھېيت، روزا ھېيت نامىزىدىن تارىغاندا بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆزئارا سالام بېرىپ، تىنچلىق-ئامانلىق سورىشىپ ھېيت-بايراملىرىنى تەبرىكلىشىدۇ. ئۇيغۇرلار يېڭىدىن

نىكاھلانغان كېلىن قىز، يىگىتلىرىنى ئەڭ ئاۋۋال قېيىن ئاتا-قېيىن ئانىلىرىغا سالام بەرگۈزىدۇ. يۇقىرىدىكى دەلىللىرىمىز سالام كەلىمىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئومۇملۇقى، ئەھمىيىتى ۋە رولىنى تولۇق نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

سالام بېرىش ئۇزاق تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ، قېنىمىزغا سىڭىپ ئېسىل پەزىلەت، ياخشى ئادەتكە ئايلانغان. ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق چاغدا بىر مۇسۇلماننى ئۇچراتساق، تونۇش، ناتونۇش دېمەي سالام بېرىمىز. ئەڭ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان چوڭ ساھابىلەردىن ئەممار ئىبنى ياسىر مۇنداق دېگەنىدى: **”ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت بار، كىمكى بۇ خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرسە، ئىمانىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرگەن بولىدۇ. بۇ خىسلەتلەر: ئۆزىگە قارىتا ھەققانىي بولۇش، ھەربىر مۇسۇلمانغا سالام بېرىش، يوقسۇل تۇرۇقلۇق كەڭ قول بولۇشتىن ئىبارەت“** («سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى»، 31-بەت). شۇڭا تەقۋادار مۇسۇلمانلار سالامنى ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىن دەپ ئەقىدە قىلىشىدۇ. ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا سالام-سائەت قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل قويىدۇ. ئۇچرىغانلىكى مۇسۇلمانغا سالام بېرىدۇ، ياكى باشقىلارنىڭ سالامىنى ئەدەپ بىلەن ئىلىك ئېلىپ جاۋاب سالام قايتۇرىدۇ.

مۇسۇلمانلار دىنىي قېرىنداش بولۇپ، ئۆزئارا ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈش، ئۆزئارا يار-يۆلەك بولۇش، ئۆچەكەشمەسلىك، ئاداۋەت ساقلىماسلىقنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئەگەر ئۆزئارا زىددىيەتلىشىپ قالسا، غۇم ساقلىماي دەرھال ئەپلىشىپ قېلىشنى ياخشى دەپ تونۇيدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: **”بىر ئادەمنىڭ دىنىي قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ، بىر-بىرىگە تەتۈر قاراپ يۈرۈشى دۇرۇس ئەمەس. قايسى ئالدىدا سالام بەرسە، ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ“** (ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رىۋايەت قىلغان).

مۇسۇلمانلار باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە (ئۆز ئۆيىگە كىرگەندىمۇ) سالام بېرىپ كىرىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق ئايەت بار: **”ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشكە ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگۈچە كىرمەڭلار. ۋەز-نەسىھەت ئېلىشىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاققا ئەمەل قىلىشىڭلار ئۈچۈن) بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۇشتۇمتۇت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر“** (24-سۈرە «نۇر»، 29-ئايەت). **”ئۆزۈڭلارغا (يەنى ئۆيىدىكى كىشىلەرگە) ئاللا بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار (يەنى ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەڭلار)“** (24-سۈرە «نۇر»، 61-ئايەت).

دېمەك، ئالتۇندەك سۆزلەرنى، پايدىلىق ۋەزلەرنى، چىرايلىق نەسىھەتلەرنى پاساھەت ھەم لاتاپەت بىلەن دىلىمىزغا نۇر قىلىپ يەتكۈزىدىغان «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق، ئىش-ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۆلچەملەشتۈرىدىغان مەنىۋى تۈۋرۈكىمىزدۇر.

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى خىسلەتلىرى نېمە؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: **”كىشىلەرگە ئاش-نان بېرىش، تونۇيدىغان ئادەملەرگىمۇ، تونۇمايدىغان ئادەملەرگىمۇ سالام قىلىش،—دەپ جاۋاب بەردى“** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). ئاللانىڭ دەرگاھىدا يۈكسەكلىك مۇنبىرىگە ئولتۇرغان، ئۈممەتلىرىگە بەخت ۋە ھىدايەتكە يول ئاچقان، ئىلىمنىڭ بايراقدارى، گۈزەل خۇلقلىق، ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ نەمۇنىسى بولغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم سالام بېرىشكە بەكمۇ دىققەت قىلاتتى. ھەتتا كىچىك نارەسىدىلەرگىمۇ سالام بېرەتتى.

**”رەسۇلۇللادىن ئىلگىرى ھېچكىم سالام قىلالمايتتى. سالامدا دائىم رەسۇلۇللا ئاۋۋال ئىدى.“** «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 460-بەت). رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەنىدى: **”ئات مىنگەنلەر پىيادىلەرگە سالام بېرىڭلار، پىيادىلەر ئولتۇرغانلارغا سالام بېرىڭلار، ئاز سانلىقلار كۆپ سانلىقلارغا سالام بېرىڭلار.“** رەسۇلۇللا ھەر چاغدا، ھەر جايدا ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئالىي خىسلەت، ئالىي ئەخلاقىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ياخشى ئۈلگە يارىتىپ بەرگەنىدى. پەيغەمبىرىمىز ئېيتقانىدەك سىرتتىن كەلگەنلەر يەرلىكلەرگە، مېھمان ساھىبخانىغا، كىچىك چوڭغا، بالا ئاتىغا، خوتۇنى ئېرىگە ئاۋۋال سالام

بېرىش ھۆرمەت جۈملىسىدىندۇر.

ئۆزئارا سالام بەرگەندە «قۇرئان كەرىم»دە ئۈلگە كۆرسەتكەندەك "ئەسسالامۇئەلەيكۇم" دەپ تولۇق، توغرا ئېيتىش كېرەك. دىققەتسىزلىكتىن "سامۇئەلەيكۇم" دېسىڭىز، ئەرەب تىلىدا "سام"، ئۆلۈم دېگەن مەنىدە بولۇپ "سامۇئەلەيكۇم"، دېسىڭىز "ساڭا ئۆلۈم تىلەيمەن" دېگەنلىك بولىدۇ-دە، ھۆرمەت-ئىززەت ئىزھار قىلىپ، دوستلۇق، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆچ-ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىپ گۇناھكار بولىسىز. سالامنى ئىلىك ئالغاندىمۇ ئېنىق، توغرا جاۋاب سالام بېرىش كېرەك. بەزىلەر سالامغا دۇرۇس جاۋاب سالام قىلماي بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدۇ، ياكى لېۋىنى مىدىرلىتىپ قويىدۇ. بۇ خىل پوزىتسىيە بىھۆرمەتلىك، ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. سالام بېرىشتە "ئەسسالامۇئەلەيكۇم" دەپ ئۈنلۈكرەك سالام بېرىپ، ئوڭ قولىمىزدا كۆكرەكنى تۇتۇپ، ئاندىن ئىككى قولنى تەڭ چىقىرىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكىنىمىز ئەۋزەل. ئەگەر قارشى تەرەپ بىر قول بىلەن كۆرۈشسە، سىزمۇ بىر قول يەنى ئوڭ قولۇڭىزنى بېرىڭ، سول قولدا كۆرۈشۈشكە زادى بولمايدۇ. ئاياللار بىلەن كۆرۈشكەندە قول بېرىش قەتئىي بولمايدۇ. ئاياللارغا گەۋدىمىزنى سەل ئېگىپ تەزىم قىلىپ ھۆرمىتىمىزنى ئىزھار قىلساق ياخشى، چوقۇم مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇش لازىم. بەزى يېقىن دوستلار، قېرىنداشلار، ياكى ھاجى مۇھەررەملەر ئۆزئارا يۈز كۆرۈشكەندە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ، لېكىن ئاياللار بىلەن ئەرلەر قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشكە قەتئىي بولمايدۇ.

ئۆزئارا سالاملىشىش ئۇزاق تارىختىن بۇيان مىراس قالغان ئېسىل پەزىلەت، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ئەنئەنىۋى ياخشى ئادەت. بىز ئۆزئارا سالاملىشىش ئارقىلىق قېرىنداشلىق، دوستلۇق رىشتىمىزنى چىڭىتىپ، ئۆزئارا ئىززەت-ھۆرمەت قىلىشىپ ئىللىقلىق يەتكۈزىمىز ھەم ئاللاننىڭ ساۋابىغا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىمىز. ئىنشائاللا! دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايىدا مۇساپىر، غېرىبلىقتا ئازابلانساق "ئەسسالامۇئەلەيكۇم" كەلىمىسى بىلەن يېڭى قېرىنداش، دوست تاپالايمىز، ناتونۇشلار تونۇشىمىز، ئىزدىگىنىمىزنى تاپالايمىز. سالام بېرىش گۈزەل ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "**ئىچىڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە بولغانلاردۇر**" دېگەنىدى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى! ھازىر بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بولۇپمۇ بىر قىسىم باللار، ياشلار سالام بېرىشتىن قاچىدۇ. تونۇمىغانلار بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، ئاتا-ئانىلىرىغىمۇ سالام بەرمەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇستازلىرىغا، كىچىكلەر چوڭلارغا سالام بەرمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەزى ئەدەپلىكرەكلىرى باش ئىشارىتى قىلىپ، ياكى لېۋىنى مىدىرلىتىپلا ئامانلىق سورىشىدۇ. بۇ ئەدەپسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق بولۇپ، مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق، دىنىمىزنىڭ گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقىدىن مەھرۇم قالغانلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇ خىل بولمىغۇر ئىللەتنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. ئىللەت تۈزەلمىسە، مىللەت تۈزەلمەيدۇ.

ئىنسان بارلىق مەخلۇقاتلاردىن چىرايلىق يارىتىلدى. ئىنساننىڭ كۆركى، زىننىتى ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاق-پەزىلىتىدە، ئەقىل-پاراستىدە. قانچىكى ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بولسىڭىز شۇنچىكى سۆيۈملۈك، يېقىملىق كۆرۈنىسىز دوستلىرىڭىز كۆپ بولىدۇ، ئابرۇيى-شەرىپىڭىز ئۆسىدۇ. قوپال، ئەدەپسىز، ئەخلاقسىز بولسىڭىز شۇنچە چاكىنا، سۈرلۈن تەلەت، بىزەڭ، ياۋايى كۆرۈنىسىز، خەلق سىزدىن يىرگىنىدۇ. ئاللاتائالا مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزگە مۇنداق دېگەن:

**"ئاللاننىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى..."** 3(-سۈرە «ئال ئىمران»، 15-ئايەت). جەمئىيەت كەيپىياتىنى تۈزەش، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۈستۈرۈشتە ئەنئەنىۋى ياخشى ئۆرپ-ئادەت، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى دەۋرى روھىغا ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەك لازىمدۇر. ھازىرقى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ (ئاخىرى 48-بەتتە)

# هاراق هەقەتەن هارامدۇر

(”ه“ هەرىپىدىن هۆكۈملەنگەن هىدايەتنامە)

△ ئىلتىپكىن

هەممىدىن هىكمەتلىك، هىممەتلىك هەقتائالا هەقىقەت هادىسلىرىدە، هىكمەتلىرىدە هاجەتمەنلەرگە هالال بىلەن هارامنى هەققانىي هالەتتە هىسابلاتقۇزغان. هالبۇكى، هەقتائالانىڭ هەققانىي هەيۋىسىدىن هىيقمايدىغان، هارامغا، هاۋايى-هەۋەسكە هىرىسمەن هاياسىزلىق هامىلىرى هەقتائالانىڭ هەددى-هىسابسىز هاياتبەخش هىكمەتلىرىنى هاماقەتلەرچە هاقارەتلىمەكتە. هەقىقەت هۇزۇرىدىن هەيدەلگەن هازازۇلغا هەمشىرىك، هاكاۋۇرلۇقتا هەمدەم هارامخۇمار هاماقەتلەر هەقتائالانىڭ هىدايەتلىرىگە هەشقاللا هازىرلىماي هالاكەت هاۋزىسىغا هەيدەلمەكتە. هەدىس هۆججەتلىرىدە ”هاياتلىق—هەرىكەتتە، هەرىكىمنىڭ هوسۇلى هەرىكىتىنىڭ هىسابىدا. هالالنىڭ هوسۇلى هالال، هارامنىڭ هوسۇلى هارام“ هىسابلانغان. هاۋايى-هەۋەس، هاكاۋۇرلۇق، هاماقەتلىك، هەسەتخورلۇق، هۇرۇنلۇق، هۆرمەتسىزلىك، هۆنەرسىزلىك، هاراقخۇمارلىق، هاياسىزلىقلارنىڭ هەممىسى هارام هىسابلىنىدۇ.

هايات هەمراهلىرىم، هارامنى هەر ۋاقىت هاياتلىق هۇزۇرىدىن هەيدىۋېتىڭلار!

هەقتائالا هاجەتمەنلەرگە هاراقنىمۇ هارام هىسابلىدى. هوشى هەرىكەتچان، هىسسىياتى هايات هاجەتمەنلەر هاراقنىڭ هاراملىقىنى هەقىقەتەن هۆكۈملىيەلەيدۇ. هاراقتا هىرىسمەنلەرنىڭ هالى (هەقتائالا هارام هەۋەسلەرنى هاياتىمىزدىن هەيدىۋەتكەي!) هەقىقەتەن هالاكەتكە هازىرلىنىشتۇر. هەمسۆهبەتداشلىرىم، هاراقكەشلىكنىڭ ”هۇزۇر-هالاۋىتى“نى هۇزۇرۇڭلارغا هازىرلىدىم: هاراق هوشنى هەيدەيدۇ، هاۋايى هىرىسمەنلەرنى هۇرۇنلاشتۇرۇپ هاياتىنى هالسىرىتىدۇ هەم هالاكەتكە هازىرلايدۇ. هاراقتا هەم هاۋايى-هەۋەسكە هىرىس هۆكۈمرانلارنىڭ هوقۇقى، هاكىمىيىتى هامان هالسىرايدۇ، هەتتا هالاكەتكە هەيدىلىدۇ. هاراقكەشلەر هەممىگە هايۋاندەك هالەتتە هازىرلىنىدۇ، هۇۋلايدۇ، هاۋشىيدۇ، هايالىقلارغا هاياسىزلارچە هىڭگىيىدۇ، هۆرپىيىدۇ، هەتتا هاياجاندىن هىلىقى هاياسىز هايۋاندەك هاڭرايدۇ، هاراقنىڭ هەجمى هەسسىلەنگەندە هەتتا هايۋانمۇ هىيىقىدىغان هەرىكەتلەر هازىرلىنىدۇ. هاراقكەشلەر هۇشسىزلانغاندا هاكاۋۇرلىشىپ هەمداستىخانلىرىنىمۇ هاقارەتلەيدۇ، هىچكىمدىن هىيىقمايدۇ، هالاكىتىنى هەم هەقتائالانىڭ هىسابىغا هازىرلىنىشىنى هەرگىز هوشسىز هالىتى هەم هىسسىياتىغا هەمدەملىيەلمەيدۇ، هەقتائالادىن هىيىقالمىغان هاياسىز هامان هىلىقىدەك هايۋانىي هالەتتىدۇر، هاقارەتلىكتۇر. هاراقكەشلەر هامان هايۋانىي هالەتتە هەقتائالانىڭ هىسابىغا هازىرلىنىدۇ. هاراقكەشنىڭ هالاكىتى هارامنىڭ هالاكىتىدۇر. هاراق هەقىقەتەن هارامدۇر، هارامغا هەرىكەتلىنىپ، هەپتە-هەپتىلەپ هەرەمگە هەجگە هازىرلانساڭمۇ هەقىقەتەن هەج هەيۋىتىدىن هامان هودۇقسەن.

هەممىمىز هامان هەقتائالانىڭ هۇزۇرىغا هازىرلىنىمىز. هەقتائالانىڭ هەددى-هىسابسىز هىسابىدىن هىيىقايلى! هەقتائالانىڭ هىممىتىدىن هەرقانچە هۇزۇرلانساقمۇ، هاياتىمىز هالاۋىتىگە هەرقانچە هىرىسلەنسەكمۇ هەقتائالانىڭ هەيۋىتىدىن هەم هۆكۈمىدىن هودۇقايلى! هازازۇلنىڭ هىلىسىدىن هوشيارلىنايلى! هاياتىمىزنىڭ هالاۋىتى هەمىشە هەممىمىزنىڭ هالال هەرىكەتلىرىدىن هازىرلىنىدۇ. هەمدۇساناغا هەقلىق هەقتائالا، هاجەتمەنلىرىڭنى هالاللىق هەم هەققانىيەتتىن هۇزۇرلاندۇرغايسەن!

(تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر مۇھەممەت)

# ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىزلىرىغا بىر نەزەر

ھۆسەنجان تۇرسۇن

مەملىكىتىمىز خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغانلىقى ھەمدە ياخشىلىنىۋاتقانلىقى نەتىجىسىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي-مەنىۋى تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور يۈكسىلىش ۋە ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى، ئەخلاق، مەدەنىيەت سىستېمىسىدىمۇ بەلگىلىك يۈكسىلىشلەر بولدى. ئەمما ئادەمگە ئۆزىنىڭ سايىسى ئەگىشىۋالغاندەك، يېڭى يۈكسىلىشلىرىمىزگە يەنە بەزى ناچار ئىللەتلەرمۇ ئەگىشىۋالدى. مەن بۇ جەھەتتە مىللىتىمىز ئاياللىرى ۋە قىزلىرى ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە يۇقتۇرۇۋېلىۋاتقان ئىللەتلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولماس دەپ قارايمەن. چۈنكى ئىللەتنى ئۆزگىرىش دەپ قارىغىلى بولمايدۇ ھەم تەبىئىيلىكى بولمىغان ئۆزگىرىش ئۇلارغا ماس كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئوبرازى، ئەخلاقى، ئىپپەت-نومۇسى ۋە تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ.

ھالبۇكى، تەبىئىيلىك ھەقىقىي ئوبرازدۇر، تەبىئىيلىك يوقالسا ھەممىتمۇ يوقىلىدۇ. تەبىئىيلىك ئەسلىي ھالەت، ئەسلىي رەڭ، ئەسلىي ماددا بولۇپ، ھەقىقىي گۈزەللىك مەنىسىگە ئىگە. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى تەبىئىي. ئەمما تەرەققىيات ھەرگىز تەبىئىيلىكنى يوقىتىش، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ھېسابلاشماي باشقىلارنى قارىغۇلارچە دوراش، مودا قوغلىشىش، ئەسلىنى يوقىتىش بولماستىن، بەلكى، ئىلگىرىلەش، مۇكەممەللىشىش، ئالغا بېسىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىلغار ئىدىيە ۋە يېڭى مەدەنىيەتنى ئۆگىنىش قاتمال، قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى تارىختا خېلى بۇرۇنلا مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان مۇكەممەل بىر مىللەت سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغان. ئەپسۇسكى يېقىنقى بىر مەزگىلگە كەلگەندە خەلقىمىز ئىچىدە بىرمۇنچە چاكىنا، پاسسىپ ھالەتلەر بىخلىنىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىزغا مۇخالىپ پىسخىك ئاجىزلىق تەرەپلىرىمىز تەرەققىي قىلىپ كەتكەن ھالەت شەكىللىنىشكە باشلىدى، يولداش ئەنۋەر تۇرسۇننىڭ «ئۇيغۇرلاردىكى پسىخىك ئاجىزلىقلار» دېگەن كىتابىدا كۆرسىتىلگەن ئەھۋاللار بۇنىڭ بىر مىسالى. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، بۇ ماقالىدە يەنىلا ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىزلىرى ئىچىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئىچىدىن ئىجابىي ۋە سەلبىي دەپ قارالغان ھەم جەمئىيەت غۇلغۇلا قىلىۋاتقان بۇ ھەقتىكى پاراڭلارنى كۆپچىلىككە سۇناقچىمىز.

ئا: ھازىر مىللىتىمىز ئاياللىرىنىڭ بەختى ئېچىلغان بىر دەۋر بوپتۇ، ئۇلارنىڭ مىللەتكە، خەلققە، دۆلەتكە، ئىنسانىيەتكە قوشۇۋاتقان تۆھپىسى ھېسابسىز. ئۇلارنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە قوشقان تۆھپىسى مىللەتنى، دۆلەتنى جاھانغا تونۇتماقتا. ئېغىز بوشلۇقى دوختۇرى ئادالەت قاسىم، يورۇقلۇق ئەلچىسى ھەدىيە خانىم، ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى ۋە ناخشىچى تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان، دىلنار ئابدۇللا، ئاي تۇرسۇن، داڭلىق سىرك ئارتىسى روشەنگۈل قاتارلىق تۆھپىكارلار ئەنە شۇ ئاياللارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، ھەممىمىزنىڭ ئورتاق پەخىرلىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. مەن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدىكى ئەنە شۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاياللاردىن ھەققەتەن پەخىرلىنىمەن، سۆيۈنىمەن ۋە ئۇلارنى چىن دىلىمدىن ھۆرمەتلەيمەن.

ب: ھازىر قىزلارنى ئانىسى قانداق تۇغىدىغاندۇ، قانداق تەربىيىلەيدىغاندۇ، ئۇلار نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن چېۋەر، مۇمكىن بولسا، ئۇلارنى شىشىگە ئېلىپ قىرتماي ساقلىغۇدەك؛ دۇنيادىكى قىزلارنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ تىزىپ قويغۇدەك، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى، پەزىلىتى،

چېچەنلىكى ۋە ئىپپەتلىكىدىن ئۇلارنى گويا پەرىشتىلەرمىكىن دەپ قالىمەن.

قانداق دېسەڭلار بىزنىڭ مەھەللىدىكى X نىڭ ئايالى بەكمۇ ئوڭلۇق، ئەخلاقلىق، تىرىشچان ئايال، ئالتۇندىن ئۈزۈك پۇتكەندەك قىزنىڭمۇ شۇنچە ئەدەپلىك، ئىپپەتلىك، چىرايلىق چوڭ بولغانلىقىدىن كىشىنىڭ مەستلىكى كېلىدۇ. خۇدا ئۇلارغا ئۇ قىزنى ئايىماي بېرىپتىكەن. ئۇ قىز ھازىر 20 ياشلاردا تۇرۇپ ئالىي مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈردى، خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز، ياپون تىلى دېگەننى سۇيدۇ. ئۇنىڭ ساپ ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس ئەخلاقى، كىيىنىشى ۋە قۇندۇزدەك قاپقارا ئۇزۇن چېچىغا قوندۇرۇپ كىيىۋالغان يارىشىملىق دوپپىسى ئۇنى تېخىمۇ جەزىبدار، تېخىمۇ يېقىملىق قاۋۇل تۇسكە كىرگۈزۈۋېتىدۇ. ئاڭلىشىمچە خېلى ئوبدان يەرلەردىن ئەلچى كەپتۇ، ئەمما، ئۇ قىز ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بەرمەكچى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە داۋاملىق بىلىم ئېلىش يولىغا ماڭماقچىكەن. چۈنكى ئۇ قىزنىڭ شوئارى ”بىر مىللەتنىڭ سۈپىتى، ساپاسى بىلىملىك بىر ئانا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك“تىن ئىبارەت ئىكەن.

س: ياخشى ئايالار جەمئىيىتىمىزدە ھەقىقەتەن كۆپ، ئۇلار ئەلۋەتتە پەخىرلىنىشىمىزگە تېگىشلىك. ئەمما، بەزى ئايالار ئۆزلىرىگە پەقەت ئوخشىماي قالدى، ئۇلار ”ئايالار“ دېگەن بۈيۈك نامغا نۇقسان يەتكۈزۈپ، ئايالارنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى بۇلغىدى. دېمەكچىمەنكى، بىرنەچچە بالىغا ئانا بولغان ئايالار ئۆزلىرىگە ماس كەلمىگەن ھالدا غەيرىي پاسوندىكى كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىۋېلىپ، ھە دېسىلا قاتار چاي، رېستوران بەزمىسى دېگەندەك ئولتۇرۇش-قويۇشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، تەدرىجىي ھالدا ئاياللارغا خاس خىسلەتلىرىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغانغا چولىسى، ئۆگىنىش ۋە بالا تەربىيىلەشكە ۋاقتى، ئاياللارغا خاس ساپاسى يوق. بەزى قىز-چوكانلار ھەتتا بەزى ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسىدىكى قىسمەن قىز ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆزلىرىچە مەدەنىيەت يۇقتۇرغان بولۇپ، مەيدىلىرى يېرىم ئوچۇق، ئايىغى نومۇسلۇق يەرلىرىنى ئارىلا يېپىپ تۇرىدىغان كۆڭلەكلەرنى كىيىۋالدى. ئاڭلىشىمچە، بۇ خىلدىكى كىيىملەرنى چەت ئەللەردە بىرقىسما ئايالار كىيىدىكەن. باشقا تەرەپلىرىنىمۇ قويۇپ تۇرايلى، ئەقەللىسى ئۇنداق كىيىملەر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگىلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بەزى قىز-چوكانلىرىمىزدا جەمئىيەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى كەممۇ قانداق، ئۇلار يا ئاتا-ئانا ۋە پەرزەنتلىرىدىن، يا ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلىرىدىن ۋە باشقىلاردىن قورۇنمايدۇ، نومۇسلۇق يەرلىرىنى يوشۇرمايدۇ. ”ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالاقۇيرۇق“ دېگەندەك ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆسۈپ-يېتىلگەن پەرزەنتلەر قانداق بولۇپ چىقماقچى؟ ...

مېنىڭچە، ئاتا-ئانىلار، تەلىم-تەربىيە ئورۇنلىرى ئىجتىمائىي ئەخلاق نۇقتىسىدىن بۇنداقلارغا قارىتا تەلەپچان پوزىتسىيىدە تۇرۇپ تەربىيىۋى خىزمەت ئىشلىسە، بولۇپمۇ ئايالار، قىزلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئوبرازى، غورۇرى، ئىپپەت-نومۇسىغا تاقىلىدىغان مەسىلىلەرگە قارىتا سەزگۈر بولسا...

د: ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەسلىدىن پاك-ۋىجدانلىق، ئىپپەتلىك، غورۇرلۇق، ساداقەتلىك ئىدى؛ مىللىي پاسوندىكى كىيىم-كېچەكلەر ئۇلارغا بەكمۇ يارىشاتتى؛ مانا ئەمدى بەزىلىرى چاچلىرىنى كېسىپ، ھېلىقىدەك كىيىملەرنى كىيىپ تەبىئىيلىكىدىن تەدرىجىي تانغىلى تۇردى، بۇنى ھېچبىر چۈشىنىپ يەتكىلى بولمايدۇ.

”نە ئېرور قىز زىننىتى، قىز زىننىتى شەرمى ھايا،
قىز ئەمەس ئالۋاستىدۇر شەرمى ھاياسى بولمىسا.“

دەپ يازغانىدى ئاتاقلىق دراماتورگ، شائىر مۇھەممەد ئەلى زۇنۇن.

**(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەردىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)**

# ئىمان ۋە ئىسلام توغرىسىدا سوئال-جاۋابلار

▲ ئۆمەرجان مۇھەممەت

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: **"ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن (ئىسلام دىنى) دۇر"** (3-سۈرە «ئال ئىمران»، 19-ئايەت). ئىسلام دىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئاپەت ۋە خۇراپاتلىقلاردىن ئازاد قىلىپ، ئىنسانلارنى توغرا يول ۋە تەرەققىياتقا چاقىرىدىغان بۈيۈك بىر دىندۇر. بۇ دىندا يۇقىرىسى دۆلەتتىن تارتىپ تاكى ئائىلىگىچە بولغان ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي ھايات ئۈچۈن مۇئەييەن قانۇن-تۈزۈم ۋە پرىنسىپلار ئاللا تەرىپىدىن مۇكەممەل بېكىتىلگەن.

ئىنسان ھاياتى ئىمان ۋە كۈرەش دېمەكتۇر. يەر يۈزىدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ئىنسان، ئىنسانىدىكى ئەڭ شەرەپلىك نەرسە ئۇنىڭ قەلبى، قەلبىتىكى ئەڭ ئۇلۇغ، شەرەپلىك نەرسە ئىماندۇر. ئىماندىن بېزەلگەن قەلب گۈلىستانغا، ئىماندىن خالىي قەلب خارابىلىققا ئوخشايدۇ. ئىماننىڭ ئىپتىداسى ئاللانى تونۇش، ئۇنىڭ جەۋھىرى ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش. ئاللاغا بولغان ئىماننى ۋە ئۇنىڭ ۋاجىباتلىرىنى تولۇقلىماقچى بولغان ھەرقانداق كىشى «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن سابىت بولۇپ، ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن بىھاجەت بولالمايدۇ، چۈنكى ئىمان كامىل ۋە ئېتىقاد توغرا بولماستىن قىلىنغان ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى بىكاردۇر. ئېتىقادى توغرا بولمىغان كىشىنىڭ ئاللاغا قىلغان ئىخلاسى ۋە مۇھەببىتىمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل ئەمەستۇر، چۈنكى ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە لايىق سىستېمىسى بولىدۇ، ئىخلاس ۋە ئەمەل ئىبادەتنىڭ سىستېمىسى، توغرا ئېتىقادتىن ئىبارەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئېتىقادى توغرا بولمىغان كىشىنىڭ قىلغان ئىبادىتى ۋە ياخشى ئەمەللىرى مەقبۇل بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئوھود تېغىدەك ئالتۇننى ئاللا يولىدا سەرپ قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئېتىقادى توغرا بولمايدىكەن، ئاللا ئۇنىڭدىن بىھاجەت"**. شۇڭا ئاللاغا لايىقىدا شۈكۈر ئېيتىش، ئاللاغا ئاللاھنىڭ ئۆز كۆرسەتمىسى بويىچە بەندىچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن توغرا ئېتىقادلارنى ۋە يولىيورۇقلارنى ئۆگىنىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئالاھىدە بۇرچىدۇر.

**1. سوئال: ئىمان دېگەن نېمە؟**

**جاۋاب:** ئىمان — دىلدا ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش، تىل بىلەن ئۇنىڭغا ئىقرار قىلىش ۋە ئەمەللەر ئارقىلىق ئۇنى ئىسپاتلاش دېمەكتۇر.

**2. سوئال: ئىماننىڭ ئاساسلىرى قانچە؟ ئۇلار قايسىلار؟**

**جاۋاب:** ئىماننىڭ ئاساسلىرى ئالتە بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 1) ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش؛ 2) ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش؛ 3) ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش؛ 4) ئاللاھنىڭ نازىل قىلغان كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش؛ 5) قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش؛ 6) ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىدىكى ئالتە ئىمانغا چىن دىلىدىن ئىشىنىپ ئەمەل قىلغان كىشى مۆمىن دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"ئى مۆمىنلەر! ئاللاغا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە**

ئاللا ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللا نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللانى، ئاللانىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ" (4-سۈرە «نىسا»، 136-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "ئىمان—ئاللاغا، ئاللانىڭ پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق-يامانلىقنىڭ ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت" (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

3. سوئال: ئىسلام دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام —ئاللاغا ئۆزىنى تاپشۇرۇش، يەنى تائەت-ئىبادەتلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا بويسۇنۇش دېمەكتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن دىن ئىسلام دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاتائالا ئىسلام دىنىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاغا تاپشۇرىدىكەن (يەنى ئاللانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس ئاللا ئۈچۈن قىلىدىكەن)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ" (2-سۈرە «بەقەرە»، 112-ئايەت).

4. سوئال: ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى قانچە؟ ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى بەش بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) ئاللادىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق مەبۇدنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىش؛

2) ھەر كۈنى بەش ۋاخ نامازنى ئىسلامدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىش؛

3) يىلدا بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تۇتۇش؛

4) پۇل-مال زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە يىلدا بىر قېتىم پۇل-مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىش؛

5) ئىقتىسادى يېتەرلىك بولۇپ قۇدرىتى يەتسە، ئۆمرىدە بىر قېتىم بەيتۇللاغا بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش.

يۇقىرىدىكى بەش چوڭ ئاساسقا ئەمەل قىلغان كىشى مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئىسلام—ئاللادىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق مەبۇدنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە قۇدرىتى يەتسە بەيتۇللانى ھەج قىلىشتىن ئىبارەت" (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

5. سوئال: ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان زىچ باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتتۇر. ئىسلام دېمەك ئىمان ۋە ئەمەل دېمەكتۇر. چۈنكى ئىمان ئېتىقادقا، ئەمەل شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە ئىمان ھەمىشە ياخشى ئەمەللەر بىلەن بىرگە بايان قىلىنغان. ئاللا ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن ئاللا ھەققەتەن (ئۇلارنىڭ دىللىرىدا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ" (19-سۈرە «مەريەم»، 96-ئايەت). بۇ ئايەتتە دېيىلگەن "دىللاردا مۇھەببەتنىڭ پەيدا بولۇشى" ئىسلامنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىشنىڭ پەقەت ئىسلامنىڭ، يەنى ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ"

(18–سۈرە «كەھف»، 106–ئايەت).

**6. سوئال: كىشىلەر ئىسلام دىنىغا قانداق كىرىدۇ؟**

جاۋاب: ھەرقانداق كىشى ئىسلام دىنىغا ”لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا“ دېگەن كەلىمە تەييىبەنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئىقرار قىلىش بىلەن كىرىدۇ.

**7. سوئال: بۇ كەلىمە تەييىبىنىڭ مەنىسى نېمىدۇر؟**

جاۋاب: بۇ كەلىمە تەييىبىنىڭ مەنىسى: ”ئاللادىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى“ دېگەنلىكتۇر. بۇ كەلىمە ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىخچام كەلىمە بولغاچقا، كىشىلەر ئىسلام دىنىغا كىرىشتە ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ كەلىمە شەرت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلىمە تەييىبە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ”**كىمكى ‹لائىلاھە ئىللەللاھۇ› دەيدىكەن ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ مال-مۈلكى ۋە جېنى قوغدىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىمان ئېتىقادلىقى ياكى يالغانچىلىق قىلغانلىقىنىڭ ھېسابى ئاللاغىدۇر**“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

**8. سوئال: قانداق كىشى ھەقىقىي مۆمىن ۋە مۇسۇلمان بولالايدۇ؟**

جاۋاب: يۇقىرىقى ئالتە ئىمانغا، ئۇنىڭدىن باشقا «قۇرئان كەرىم»دە ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان غەيبلەرگە ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام دىنىدا سابىت (مۇقىم، مۇستەھكەم) بولغان شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئىتائەت قىلغان كىشى ھەقىقىي مۆمىن ۋە مۇسۇلمان بولالايدۇ.

**9. سوئال: ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە زورلامدۇ؟**

جاۋاب: ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا زورلۇق كۈچ ئاستىدا مەجبۇرىي ئېتىقاد قىلىشىنى رەت قىلىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشىدىكى بىردىنبىر ئۇسۇلى: ئاۋۋال ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى كىشىلەرگە تولۇق بايان قىلىش ۋە «قۇرئان كەرىم»نى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ ئوقۇپ بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنى خالىسا ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ياكى ئىسلامنى تەرك ئېتىش ئىختىيارى بىلەن ئۆز ھاللىرىغا قويۇۋېتىشتىن ئىبارەت. ئاللاتائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دىنغا دەۋەت قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ”**قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە-دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق. ‹قۇرئانغا ئىشىنىڭلار ياكى ئىشەنمەڭلار، بۇ سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلار› دېگىن**“.

مۇسۇلمانلار كۇپپارلاردىن غالىب كەلگەن چاغلاردىمۇ كۇپپارلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە زورلاشنى «قۇرئان كەرىم» تەلىماتى قەتئىي رەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: ”**ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللانىڭ كالامىنى** (يەنى قۇرئاننى) **ئاڭلىغانغا** (يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) **قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن** (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، **ئۇنى** (جېنى، مېلى) **ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن...**“ (9–سۈرە «تەۋبە»، 6–ئايەت).

**10. سوئال: ئىمان زىيادە ۋە كەم بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئىمان زىيادە ۋە كەم بولىدۇ. ئاللاتائالانى ياد ئېتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئىمان زىيادىلىشىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ. ئاللاتائالانى ئۇنتۇش ۋە گۇناھ-يامان ئىشلارنى سادىر قىلىش بىلەن ئىمان ناقىسلىشىدۇ ۋە ئاجىزلىشىدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: ”**پەقەت ئاللا ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللانىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا** (كامىل) **مۆمىنلەردۇر**“ (8–سۈرە «ئەنفال»، 2–ئايەت). دېمەك، ئىمان ئاللانى زىكىر قىلىش بىلەن كۈچىيىدۇ، ئاللادىن غاپىل قېلىش بىلەن ئاجىزلىشىدۇ. ئاللاتائالا ئىماننىڭ زىيادىلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ”**مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، ئاللا ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى**

**چۈشۈردى**" (48-سۈرە «فەتھە»، 4-ئايەت).

**11. سوئال: ئىماننى كۈچلەندۈرىدىغان ۋە ئۇنى زىيادە قىلىدىغان ئامىللار قايسىلار؟**

**جاۋاب:** بۇ ئامىللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) **ئىلىم.** ئىلىم ئاللاتائالانى تونۇشقا ۋاستە بولىدۇ، ئاللاتائالانى تونۇش ئېتىقادنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئېتىقادنىڭ كۈچىيىشى ئىماننىڭ كۈچىيىشى ۋە كامىللىشىشى دېمەكتۇر. ئاللاتائالا ئىلىم توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: "**ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ**" (39-سۈرە «زۇمەر»، 9-ئايەت). ئاللا يەنە مۇنداق دېيدۇ: "**ئاللانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللادىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ**"(35-سۈرە «فاتىر»، 28-ئايەت). ئاللادىن قورقۇش ئىماننىڭ كامىللىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، مانا بۇ ئىلىمنىڭ پايدىسىدۇر.

2) **ئەمەل.** ياخشى ئەمەللەر بەندىنىڭ ئاللا بىلەن بولغان يېقىنلىقىنى زىچ باغلاپ تۇرىدىغان بىر ۋاستە بولۇپ، ئىنسان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاتائالاغا يېقىنلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئاللاتائالاغا يېقىنلىشىش ئىماننىڭ كامىللاشقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

3) **پىكىر قىلىش.** ئاللاتائالانىڭ كائىناتتىكى قۇدرەتلىرى ھەم مۆجىزىلىرى ئۈستىدە پىكىر قىلىش ئاللاتائالانى تېخىمۇ ئوبدان تونۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ئاللاتائالانى ھەقىقىي تونۇش ئىماننى كۈچەيتىدۇ. قۇرئاندا ئىنسانلارنى پىكىر قىلىشقا چاقىرىدىغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ. ئاللاتائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە پىكىر قىلىش تائەت-ئىبادەتنىڭ جەۋھىرىدۇر.

4) **ئاللانى ياد ئېتىش.** قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە تەسبىھ-تەھلىل بىلەن ئاللاتائالانى ياد ئېتىش ئىماننىڭ كۈچىيىشىگە ۋاستە بولىدۇ، چۈنكى ئاللانى ياد ئېتىش ئاللاتائالاغا بولغان ئىخلاس ۋە مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. ئىخلاس ۋە مۇھەببەت ئىماننى كۈچەيتىدۇ ھەم كامالەتكە يەتكۈزىدۇ.

**12. سوئال: ئىماننىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟**

**جاۋاب:** ئىماننىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) **ئەخلاق.** گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ كامىللىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئاللاتائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: "**(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن**" (68-سۈرە «قەلەم»، 4-ئايەت). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "**ئەڭ كامىل مۆمىن ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىلەردۇر**" (ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

2) **ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان سۆيگۈ.** ئاللاتائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىدىن ئەڭ سۆيۈملۈك تۇيۇلۇشى ۋە بۇ سۆيگۈنىڭ ئاشۇ شەخسنىڭ پۈتكۈل سۆز-ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنىشى ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "**كىمكى ئۇنىڭدا ئۈچ خىل خىسلەت تېپىلسا، ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى ۋە تەمىنى تېتىغان بولىدۇ. ئۇلار: ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇنىڭغا ھەرقانداق نەرسىدىن سۆيۈملۈك تۇيۇلۇشى؛ بىرىنى دوست تۇتسا ئاللا ئۈچۈن دوست تۇتۇشى، بىرىگە دۈشمەن بولسا ئاللا ئۈچۈن دۈشمەن بولۇشى؛ ئىماندىن يېنىپ كېتىشنى ئوتقا تاشلانغاندەك يامان كۆرۈشى**" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

3) **ئاللادىن قورقۇش.** ئاللاتائالانى ھەقىقىي تونۇغان كىشى ئاللاتائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇيدۇ، ئاللاتائالانىڭ ھەيۋىسىدىن ئەيمىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاتائالانى لايىقىدا قەدىرلىيەلمىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مانا بۇلارمۇ ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "**ئاللانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللادىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ**"(35-سۈرە «فاتىر»، 28-ئايەت).

4) **ياخشى ئەمەللەر.** روھنى پاكلايدىغان، ھاياتنى گۈللەندۈرىدىغان ياخشى ئەمەللەر ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندا ئىمان ھەمىشە ياخشى ئەمەللەر بىلەن بىرلىكتە بايان قىلىنغان. چۈنكى ئىمان ئەگەر ياخشى ئەمەللەردىن

ئايرىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ نە مېۋىسىدىن، نە سايىسىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان قۇرۇق دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇ. ئىمانسىز قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرمۇ رىيا ۋە ناپاكتۇر. ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: **"شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ"** (18–سۈرە «كەھف»، 106 –ئايەت).

**13. سوئال: ئىماننىڭ مېۋىلىرى قايسىلار؟**

**جاۋاب:** ئىماننىڭ مېۋىلىرى ئىنتايىن كۆپ، بىز تۆۋەندە پەقەت بىرقانچىسىنى بايان قىلىمىز:

1) **ھىدايەت.** ئىمان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ، چۈنكى ھىدايەت تېپىش ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى، شۇنىڭدەك ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشىش ھىدايەتنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: **"شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى پەرۋەردىگارى ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ"** (10–سۈرە «يۇنۇس»، 9–ئايەت).

2) **نىجاتلىق.** ئىمان كىشىنى باشقىلارنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد قىلىدۇ. چۈنكى ئىماننىڭ ھەقىقىتى كىشىگە پايدا–زىيان يەتكۈزۈش، ئۆلتۈرۈش–تىرىلدۈرۈش پەقەت بىر ئاللانىڭ قولىدا دەپ ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇسۇلمان كىشى مۇشۇ ئېتىقادى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن ھۆر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە بۇ ھۆرلۈكىنى قوغداش يولىدا ئاللاتائالادىن باشقا ھېچ نېمىدىن قورقمايدۇ. ئاللاتائالا مۆمىن زاتلارنىڭ زۇلۇم ئالدىدا بېرىدىغان جاۋابىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **"ئېيتقىنكى، 'بىزگە پەقەت ئاللانىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر'"** (9–سۈرە «تەۋبە»، 50 –ئايەت).

3) **غالىبىيەت.** ئىمان مۆمىنلەرنى غالىبىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاتائالا ھەقىقىي مۆمىنلەرنى ھالاكەتلەردىن ساقلايدۇ ۋە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. بۇ ئاللانىڭ ۋەدىسىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللا خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ"** (30–سۈرە «رۇم»، 4–ئايەت).

4) **قانائەت.** ئىمان كىشىدە قانائەت ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرىدۇ. ئىماننىڭ ھەقىقىتى، رىزىق پەقەت ئاللانىڭ قولىدا، ئاللاتائالادىن باشقا رىزىق بەرگۈچى يوق، ئاللادىن كەلگەن رىزقىنى توسۇۋالغۇچى ھەم يوق، دەپ ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **"ئاللا (ئۆزىنىڭ ھېكمىتىگە ئاساسەن) خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ"**(13–سۈرە «رەئد»، 26–ئايەت).

5) **خاتىرجەملىك.** ئىمان كىشىگە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ. دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر زۇلۇملارغا ۋە ناھەقچىلىكلەرگە ئۇچرايدۇ، ئىنتىقام ئېلىشقا كۈچى يەتمەي، ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانلارغا ئۇچرايدۇ، تۆلىگەن بەدەللىرىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ھۇزۇرسىز، خاتىرجەمسىز، قايغۇلۇق ياشاشقا يۈز تۇتقاندا، ئىمان ئۇلارنى ئاللاتائالاغا ئۈمىد باغلايدىغان قىلىدۇ ۋە خاتىرجەم، بەھۇزۇر ياشاشقا چاقىرىدۇ.

6) **قەيسەرلىك.** ئىمان ئادەمدە باشقا كەلگەن ھەرقانداق بالا–قازا ۋە مۇسىبەتلەر ئالدىدا تەۋرەنمەيدىغان چىداملىق ئىرادىنى يېتىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئىماننىڭ ھەقىقىتى، باشقا كەلگەن پۈتۈن بالايىئاپەتلەر ۋە مۇسىبەتلەر ئاللانىڭ تەقدىر قىلىشى بىلەن بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا مۆمىن ئادەم ئۆز بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق كۈلپەت ۋە خاپىلىقنى قەيسەرلىك بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

**14. سوئال: ئىمان ۋە ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئاپەتلەر قايسىلار؟**

**جاۋاب:** 1) ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلىش؛ 2) ئاللاتائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش؛ 3) ئەمەل ئىبادەتنى ياكى دۇئانى ئاللادىن غەيرىيگە قىلىش ھەمدە

بولارنى ئاللاغا يېتىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش؛ 4) كۇپپارلارنىڭ مەزھەپلىرىگە رازىلىق بىلدۈرۈش؛ 5) باشقىلارنىڭ تۇتقان يوللىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ئەۋزەل بىلىش؛ 6) «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن سابىت بولغان ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ بىرەرسىنى ئىنكار قىلىش؛ 7) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىش ياكى مەسخىرە قىلىش؛ 8) كۇپپارلار بىلەن بىرلىشىپ مۇسۇلمانلارغا زىيان سېلىش؛ 9) باشقا قانۇنلارنى ئىسلام شەرىئىتىدىن ئەۋزەل كۆرۈش؛ 10) سېھىرگەرلىك قىلىش ياكى سېھىرگە ئىشىنىش؛ 11) ئېغىزدا ئىسلام دىنى ھەققىدە سۆزلەپ قويۇپ دىلىدا ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك ياكى شەك كەلتۈرۈش؛ 12) ئىسلام تەلىماتلىرىدىن يۈز ئۆرۈش ياكى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش؛ 13) بىرەر مەسىلىگە ئاللاتائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا قايىل بولماسلىق؛ 14) پالچى-داخانلارنىڭ، كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىمكى داخان، كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىدىكەن، ئۇ مۇھەممەدكە، يەنى ماڭا كەلگەن دىنغا كاپىر بولغان بولىدۇ"** (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان). 15) ئاللانىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنماسلىق يەنى ھەقىقەتكە ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىش. ئىبلىسنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىشمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى. بۇ ھەقتە ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە 'ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار' دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى. ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى. ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 34-ئايەت)

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار كۇپۇرلۇقنىڭ ئاساسىي قىسىملىرى بولۇپ، ئۇلاردىن قايسى بىرسىنى سادىر قىلغان كىشى ئىسلامدىن ۋە ئىماندىن چىققان بولىدۇ.

ئاللاتائالانىڭ ھىدايىتى بولمىغان بولسا ھەممىمىز توغرا يولنى تاپالماس ئىدۇق. ئاللاتائالا ھەممىمىزنىڭ ئىمانىنى ساغلام قىلىپ، بىزنى شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى ئالدىدا تېڭىرقىماس، تەۋرەنمەس قىلسۇن، ئامىن!

(ئاپتور شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ سابىق تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

(بېشى 39-بەتتە) يادروسى يەنىلا گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش. شۇڭا مەكتەپتە مۇئەللىملەر، ئائىلىدە ئاتا-ئانىلار بالىلارغا، ياشلارغا ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق، ياخشى ئۆرپ-ئادەتلەرگە توغرا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا زېرىكمەي تەربىيە بېرىشىمىز لازىم.

ئىسلام مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئىجتىمائىي رېئاللىقتا تاۋلىنىپ، تاللىنىپ، يۈكسىلىپ، راۋاجلىنىپ، ئومۇملاشقان پاك مەدەنىيەت. ئاللانىڭ رەھمىتىدە ئەجدادلىرىمىز ئۇزمەي ۋارىسلىق قىلىپ، ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ، گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۆلچەملەشتۈرۈپ ھەردىكىتىمىزگە مىزان، دىلىمىزغا ئىمان قىلىپ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرسە، بۇ تەۋەررۈك مىراسلارنى چۈرۈۋەتسەك ئەجدادلارغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟ سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدە ئەجدادلار قېنى يوقمۇ؟! ئەجدادلار ئىرادىسىگە ئاسىيلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز يەنىلا «قۇرئان كەرىم»نى گۈزەل ئەخلاق دەرسلىكى بىلىپ، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھى ۋە سەللەمنى گۈزەل ئەخلاق ئۈلگىسى قىلىپ، يېڭى دەۋرگە لايىقلاشتۇرۇپ ئىجتىمائىي ئەدەپ-ئەخلاق، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلمىسىنى ئورنىتىشىمىز زۆرۈر. ھەربىر ئېغىز سۆز، ھەربىر ئىش-ھەرىكىتىمىزدە دەۋر ئېقىمىغا زىچ ماسلىشىپ، ئۆز ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق ئىسلام مەدەنىيىتىنى مەنىۋى مەدەنىيلىككە زىچ ماسلاشتۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور: مورى ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللىرى مالايسىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى

♦ نەبىئى ما جۇڭپىڭ

مالايسىيە ئىسلام تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىددىن ھاجى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نەبىئى ما جۇڭپىڭ 1999-يىل 9-ئاينىڭ 21-، 22-كۈنلىرى مالايسىيە پايتەختى كۇئالالۇمپۇردا ئۆتكۈزۈلگەن "غەيرىي مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلار ھوقۇق-مەنپەئىتى بويىچە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى"غا قاتناشتى ۋە يىغىندىن كېيىن مالايسىيىدە زىيارەتتە بولدى. يىغىندا مۇئاۋىن رەئىس شەمشىددىن ھاجى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋە جۇڭگودىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى سۆزلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش تارىخى، جۇڭگودىكى ئون مۇسۇلمان مىللەت، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارىختىكى تۆھپىلىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ تەشكىللىنىش خاراكتېرى، ئاساسىي پائالىيەتلىرى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ 50 يىلدىن بېرى بولۇپمۇ جۇڭگودا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بېرى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ھەمدە مالايسىيە خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورلىرى ۋە ھەرقايسى ئەللەر ئۆلىما-ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئەھۋالىغا دائىر سوئاللارغا بىر-بىرلەپ جاۋاب بەردى.

بۇ يىغىنغا ئامېرىكا، گېرمانىيە، دانىيە، يېڭى زىللاندىيە، ھىندىستان، تايلاند، كامبودژا، ۋېيتنام، پىلىپپىن، جەنۇبىي ئافرىقا، ئىران ۋە مالايسىيەنىڭ ئۆلىما-ئالىملىرى، ھۆكۈمەت ئەربابلىرى ۋە دىپلوماتىك خادىملىرى بولۇپ 200دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى، يىغىن ئەھلى ئۆز سۆزلىرىدە ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر، تۈرلۈك دۆلەتلەرنىڭ مۇسۇلمان رايونلىرىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر بايان قىلىشتى ۋە يىغىن مۇھاكىمىسى ئارقىلىق ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشتى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، مالايسىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى داتۇ ئابدۇللا ئەھمەد بەدەۋى مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى ۋە مالايسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مالايسىيىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى، جۈملىدىن جۇڭگولۇق، ھىندىستانلىق مالايسىيىلىكلەرنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە بەھرىمەن قىلىۋاتقان ھوقۇقلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى ھەمدە مالايسىيە زۇڭلىسى ماھادىر مۇھەممەدنىڭ: "بىز مەملىكىتىمىزدىكى غەيرىي مۇسۇلمان ئاز سانلىقلارغا، خۇددى غەيرىي مۇسۇلمان ئەللىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى مۇئامىلىگە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلغاندەك، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشىمىز كېرەك" دېگەن سۆزىنى نەقىل قىلىپ ئۆتتى، ئاخىردا ۋەكىللەر بىلەن، جۈملىدىن شەمشىددىن ھاجى بىلەن ئالاھىدە قىزغىن كۆرۈشتى ۋە سالاملاشتى.

يىغىن ئارىلىقىدا، شەمشىددىن ھاجى بۇ قېتىمقى يىغىننى ئۇيۇشتۇرغان مالايسىيە ئىسلام تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ رەئىسى دوكتور داتۇ ئەھمەد سالجى ئابدۇل ھەمىد ۋە مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ مۇدىرى دوكتور داتۇ ئىسمائىل

ئىبراھىمنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن دوستانە سۆھبەتلەشتى. ئۇلارنىڭ بىزنى يىغىنغا تەكلىپ قىلغانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتتى، ئۇلارغا جۇڭگونىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئالاھىدە تونۇشتۇردى ھەمدە بۇ نۆۋەتتىكى كۆرۈشۈشنى باشلىنىش قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن مالايسىيە ئىسلام تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئارىسىدىكى دوستانە بېرىش-كېلىش ۋە ئالماشتۇرۇشنى يەنە بىر قەدەم كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلدى ھەم ئۇلارنى مۇۋاپىق شارائىتتا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

مالايسىيىنىڭ ئاخبارات تارماقلىرى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ۋە گېزىتلىرى بۇ قېتىمقى يىغىننى خەۋەر قىلدى، جۈملىدىن شەمشىدىن ھاجىنىڭ ئىلمىي ماقالە سۆزلەۋاتقان سۈرىتى بىلەن سۆز مەزمۇنىنى ئالاھىدە خەۋەر قىلدى.

يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار مالايسىيە خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى، مالايسىيە مۇزېيى، مالايسىيە دۆلەتلىك مەسچىتى، مالايسىيە پىرىمې ئىنستىتۇتى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كونا دوستلىرى، مالايسىيە ئاسىيا-ئاتلانتىك ئوكيان ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سابىق سېكرېتارى — ھازىرقى مەسلىھەتچىسى داتو نۇرىدىن، مالايسىيە ئىسلام پاراۋانلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مامىن خانىم قاتارلىقلارنى ۋە يۇلتۇز خانىم قاتارلىق بىر قىسىم مۇھاجىرلارنى زىيارەت قىلدى ۋە يوقلىدى.

## ھويلا-ئارام ئىگىلىكى چىرالىقلارنى باياشات قىلماقتا

—چىرا ناھىيىسىنىڭ "سەككىز بىر" قۇرۇلۇشى

پاختا بازىرى كاساتلاشقان، ئاشلىق باھاسى تۆۋەنلەپ كەتكەن بىر پەيتتە، ئەسلىدىمۇ نامرات ناھىيە ھېسابلىنىدىغان چىرا ناھىيىسى رەھبەرلىكى بۇ يىلنىڭ بېشىدىلا، قانداق قىلغاندا دېھقانلار كىرىمىنىڭ كېمىيىپ كەتمەي داۋاملىق ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ، كېۋەز ۋە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇۋاپىق مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، ھويلا-ئارام ئىگىلىكىنى ۋە قوشۇمچە كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە "سەككىز بىر قۇرۇلۇشى"نى يولغا قويغان، يەنى ھەربىر دېھقان ئائىلىسىدە بىر مېۋىلىك باغ، بىر قوتان چارۋا، بىر ياپسا قىزىلگۈللۈك، بىر ئۈزۈم بارىڭى، بىر قۇما ئۆي قۇشلىرى، بىر ئۈۋا توشقان ياكى توخو، بىر قۇتا پىلە قۇرتى بولۇش، بىر ئائىلە بىر قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. "سەككىز بىر قۇرۇلۇشى"نى يولغا قويۇشتا، ھەرقايسى جايلار ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ئىلىپ بېرىش، شارائىتى بارلار سەككىز ساھەنى تەڭ يولغا قويۇپ ھەممىسى بىلەن شۇغۇللىنىش، شارائىتى يوقلار ئاز مەبلەغ سېلىپ تېز ئۈنۈم كۆرىدىغان تۈرلەرنى ئاۋۋال يولغا قويۇشتىن ئىش باشلاشنى تەلەپ قىلغان.

بۇ تەدبىر چىرا ناھىيىسىدە تېز ئۈنۈم بەرگەن. ھازىرغىچە ناھىيە بويىچە بىر مېۋىلىك بېغى بار ئائىلە 17 مىڭ 200گە، بىر ياپسا قىزىلگۈللۈكى بار ئائىلە 3174كە، بىر قوتان چارۋىسى بار ئائىلە 19 مىڭ 923كە، بىر قۇما كەپتىرى بار ئائىلە 9525كە، بىر ئۈۋا توشقان ياكى توخۇسى بار ئائىلە 4484كە، بىر قۇتىدىن پىلە قۇرتى باققان ئائىلە 13 مىڭ 474كە، بىر قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ئائىلە 5515كە يەتكەن.

(ماتېرىيالدىن)

# دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى

◆ ئادىل ھاجى كېرەم

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى، ئالاھىدە ئىنئامەت ۋە ئوقۇتۇش مۇكاپات پۇلى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى دوكتۇر سۇلەيمان شەمسۇددىن بىلەن مالىيە تەپتىشى ئابدۇللا ئەپەندىدىن تەركىب تاپقان دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خەلقئارا بۆلۈم مۇدىرى مۇستاپا ياڭ جىبو ھەمراھلىقىدا 8-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ، كۇنمىڭ، شىئەن، تيەنجىن، لەنجۇ ھەمدە نىڭشيانىڭ يىڭچۇەن، تۇڭشىن شەھەرلىرىدە خىزمەت زىيارىتىدە بولۇپ، دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ياردەم قىلغان ۋە جايلار ياردەم تەلەپ قىلىشۋاتقان تۈرلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ جايلاردىكى رەھبەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاممىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە كۈتۈۋالدى.

دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىغا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ باش خىزمەت ئورگىنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھرىدە. بۇ بانكا 1986-يىلدىن ھازىرغىچە دۆلىتىمىزگە ئالتە مىليوندىن ئارتۇق ئامېرىكا دوللىرىنى ھەقسىز تەقدىم قىلىپ، شىنجاڭ، نىڭشيا، بېيجىڭ، جېڭجۇ، كۇنمىڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرى، نىڭشيا تۇڭشىن ئەرەب تىلى مەكتىپى، خەيرۇ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى، تيەنجىن تيەنمۇ كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومى قاتارلىق مەكتەپلەرنى قۇرۇپ بەردى، شېنياڭ، لەنجۇ ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرى قۇرۇلۇشى داۋاملىشىۋاتىدۇ.

ۋەكىللەر ئۆمىكى 8-ئاينىڭ 11-كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بېيجىڭدىكى مەزگىلدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى، جەمئىيەت رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن جەمئىيەتكە ۋاكالىتەن بانكىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا قىلغان ھەقسىز ياردىمىگە تەشەككۈر ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. بانكىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىئانە نىشانىسى توغرىسىدا ئىجابىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بانكىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئارقىدا قالغان ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلىرىغا، "ئۈمىد" باشلانغۇچ مەكتىپى، ئوتتۇرا مەكتەپلىرى قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. سۆھبەت جەريانىدا دوكتۇر سۇلەيمان شەمسۇددىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بانكا بىلەن بولغان ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتىگە يۇقىرى باھا بەردى ۋە بانكىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مائارىپ ۋە كەسپىي-تېخنىكا جەھەتتىكى تەربىيىلەش ئىشلىرىغا تېخىمۇ كۆپ ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جەمئىيەتنىڭ "ئۈمىد" باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماس پىكرىگە پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭدىكى مەزگىلىدە، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئىككى تەرەپ قىزغىن سۆھبەتتە بولدى. ياڭ تۇڭشياڭ دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىگە ۋاكالىتەن، بانكىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مائارىپ ۋە كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەش ئىشلىرىغا قىلىۋاتقان ھەقسىز ياردىمىگە ئاپىرىن ئوقۇدى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن بانكا ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ بۇ جەھەتتە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ قوللايدىغانلىقىنى ۋە ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

# مىسىر دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

◇ ئادىل ھاجى كېرەم

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مىسىر دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق باشچىلىقىدىكى ئالتە كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى تەۋەككۇل تىلىۋالدى ۋە مىسىرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مۇھەممەد نۇئمان جالالنىڭ ھەمراھلىقىدا 9-ئاينىڭ 4-كۈندىن 10-كۈنگىچە مەملىكىتىمىزدە دوستانە زىيارەتتە بولدى. بۇ مەزگىلدە ۋەكىللەر ئۆمىكى 9-ئاينىڭ 6-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى جەمئىيىتىمىزنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپلىرى سەپتە تۇرۇپ مېھمانلارنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋالدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، نۇئمان ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ ۋە شەمشىدىن ھاجىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن قىزغىن سۆھبەتتە بولدى. مۇئاۋىن رەئىس ۋەن ياۋبىن ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگودىكى 20 مىليون مۇسۇلمانغا ۋاكالىتەن مىسىردىن كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، مىسىر دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتى ۋە مىسىر ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ ھەر يىلى جۇڭگو مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ۋەكىللىرىنى مىسىردا ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارالىق ئىسلام يىغىنىغا تەكلىپ قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن تەشەككۈر ئېيتتى. شۇنىڭدەك كۆپلىگەن جۇڭگو مۇسۇلمان ياشلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىۋاتقان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇئاۋىن رەئىس ۋەن ياۋبىن يەنە مېھمانلارغا جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئاخىردا، ئۇ: "بىز چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، ۋەزىر جانابلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى جەمئىيىتىمىز بىلەن مىسىر دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتى، مىسىر ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشى ئوتتۇرىسىدىكى، ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە ھەمكارلىق ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ" دېدى. مىسىر دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆز قىلدى، ئۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى. زىيارەت جەريانىدا كۆرگەن ھالەتلەردىن جۇڭگودا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ مۇنداق دېدى: "جۇڭگو بىلەن مىسىر خەلقى ئەنئەنىۋى دوستلۇققا ئىگە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇنداق ئەنئەنىۋى دوستلۇق تېخىمۇ راۋاجلانماقتا؛ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **'ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ تەھسىل قىلىڭلار'** دېگەن. بۇ ھەدىس شەرىپ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، جۇڭگو مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زامانىدىلا ئىنتايىن مۇھىم بىر دۆلەت ئىدى، ھازىر تېخىمۇ شۇنداق." كۆرۈشۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ۋەزىر دوكتور زەقزۇق جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ يىغىن زالىدا «21-ئەسىردىكى ئىسلام دىنى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

1. ئىسلام دىنى ئاللاتائالا بىلەن ئىنسان، ئىنسان بىلەن ئۆز، ئىنسان بىلەن ئىنسان، ئىنسان بىلەن تەبىئەت قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە بۇ مۇناسىۋەتنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئادالەتلىك، ئادىللىق ۋە باراۋەرلىككە يېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

2. ئىسلام دىنى ئىلىم تەھسىل قىلىشنى تەرغىپ قىلىدۇ، ئىلىم تەھسىل قىلىش ھەربىر ئايال مۇسۇلمانغا پەرز دەپ بېكىتكەن، ئۇنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ئىسلام دىنىدىكى ناماز ئوقۇش، روزا

تۇتۇش قاتارلىق پەرزلەردىن تۆۋەن تۇرمايدۇ.

3. بارلىق ئىلىم-پەن ساھەسىدە بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن «قۇرئان كەرىم» ئۆلىمالارنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن، ئۇلارنى ئاللاتائالانىڭ ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلىرى دەپ بېكىتكەن: "**ئاللانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللادىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ**" (35-سۈرە «فاتىر»، 28-ئايەت) چۈنكى ئۆلىما-ئالىملار مەخلۇقاتنىڭ سىرلىرىنى، كائىناتنىڭ گۈزەللىكىنى، كائىناتنى ياراتقۇچى ئاللاتائالانىڭ نەقەدەر ھەممىگە قادىر ۋە ئۇلۇغلۇقىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ.

4. ئىسلام دىنى دۆلەت، مىللەت ۋە خەلق ئوتتۇرىسىدا پەرقلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، بىراق بۇ پەرقلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ھەرگىز كۈرەش، بۆلگۈنچىلىك، جەڭ ۋە توقۇنۇشقا ئېلىپ بارمايدۇ دەپ قارايدۇ. «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارغا ئۆزى بىلەن ئىختىلاپتا بولغان كىشىلەر بىلەن ئورتاقلىقتا بولۇپ، ئىختىلاپنى بىر يەرگە قايرىپ قويۇش، تىنچلىقتا بىللە ياشاشنى ئۆگىتىدۇ.

5. ئىسلام دىنى ئەسەبىيلىككە، تېررورلۇق قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئەسەبىيلىك قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا خىلاپ. ئۇلار مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم» ئىبارىلىرىنى ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ، كىشىلەر قەلبىنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى ئىسلام دىنىغا ئاھانەت.

6. دۇنيا خەلقىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگەللەيدىغان مۇسۇلمانلار 21-ئەسىرگە قانداق قەدەم بېسىشى كېرەك دېگەن مەسىلىنى چوڭقۇر ئويلاش ۋە تەپەككۇر قىلىش كېرەك، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. بىز مۇسۇلمانلار ئەگەر يېڭى ئەسىردە ئۆزىمىزنىڭ ئورنىنى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاپ قالىمىز دەيدىكەنمىز، بۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز، مەسئۇلىيەتچان بولۇشىمىز، ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى، خىزمەتچىلىرى ۋە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ بارلىق ئۇستاز-تالىپلىرى بۇ نۇتۇقنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. نۇتۇق ئالقىشلاشقاندىن كېيىن، مۇئاۋىن رەئىس ۋەن ياۋبىن سۆز قىلىپ، دوكتور زەقزۇقنىڭ نۇتقىغا يۇقىرى باھا بېرىپ: بۇ نۇتۇق چوڭقۇر مەزمۇنغا ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە نۇتۇق بولدى. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بۇنىڭدىن چوقۇم مەنپەئەتلىنىدۇ، دېدى.

زىيارەتتىن كېيىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى شەرىپىگە زىياپەت بەردى، زىياپەتكە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋېن جىڭ ھەم دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى ھەم جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى قاتناشتى.

# بىروناي دارۇسسالام دۆلەت دىن ئىشلىرى ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

◆ ئادىل ھاجى كېرەم

بىروناي دارۇسسالام دۆلەت دىن ئىشلىرى ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى مۇھەممەد زەيىن قاتارلىق يەتتە كىشى بىروناينىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مەھدىنىڭ ھەمراھلىقىدا 1999-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى. جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن نۇئمان ما شيەن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، خەلقئارا بۆلۈمنىڭ مۇدىرى مۇستاپا ياڭ جىبو، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋېن جيەن، ئادىل ھاجى كېرەم قاتارلىقلار مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى.

مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن ئالدى بىلەن مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە مۇنداق دېدى: "جۇڭگو

مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرونىاي مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت ئۇزاق تارىختا ئىگە. ۋەزىر جانابلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى گەرچە غەيرىي-رەسمىي زىيارەت بولسىمۇ، ئوخشاشلا ئىككى تەرەپ مۇسۇلمانلىرىنىڭ دوستانە ئالاقە ۋە مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يۈكسىلىشىدە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.“ ئۇ يەنە مېھمانلارغا جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

ۋەزىر مۇھەممەد زەين جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى ۋە جۇڭگونىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ: ”ئىككى دۆلەت خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى 500 يىل بۇرۇنلا دوستانە ئالاقە ئورناتتى، جېڭ خې يەتتە قېتىم غەرب ئەللىرىگە بارغاندا، ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەت تېخىمۇ كۆپەيگەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە ھەمكارلىقنىڭ يەنە بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن“ دېدى.

ئىككى تەرەپ بىردەك ھالدا، كېلەر يىلى ئۆزئارا رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولۇشقا ماقۇل بولۇشتى.

مېھمانلار يەنە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى ۋە دارىلفۇنۇن كىتابخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

# گۋىنىيە زۇڭتۇڭىنىڭ رەپىقىسى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

◆ ئادىل ھاجى كېرەم

جۇڭگو تاشقى دۆلەتلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىش جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇۋاتقان گۋىنىيە زۇڭتۇڭىنىڭ رەپىقىسى ھەدىيە كادىياتو سېس كونتېي خانىم قاتارلىق ئالتە كىشى 10-ئاينىڭ 6-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى. جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مۇستاپا ياڭ جىبو قاتارلىقلار مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن ھەدىيە خانىم باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە زىيارەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ، بىز دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەۋاتقان كۈنلەردە گۋىنىيەدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ جەمئىيىتىمىزنى زىيارەت قىلغانلىقىغا خويمۇ خۇشاللىق ھېس قىلىمىز. گۋىنىيە جۇڭگو بىلەن ئەڭ بالدۇر دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان قارا ئافرىقا قىتئەسىدىكى دۆلەت. جۇڭگونىڭ گۋىنىيە شۇنداقلا ئافرىقا قىتئەسىدىكى خەلقلەر بىلەن ئەنئەنىۋى مۇناسىۋىتى بار. ھەممىمىز ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر. بىز ئوخشاش سەرگۈزەشتە ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كۆچۈرگەن. ھازىر گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەنمەكتىمىز، —دېدى. ئۇ يەنە مېھمانلارغا جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئاخىردا ئۇ زۇڭتۇڭ رەپىقىسىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ گۋىنىيە مۇسۇلمانلىرىغا يوللىغان دوستانە ھېسسىياتىنى يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلدى، گۋىنىيە زۇڭتۇڭىغا كونتېيگە ئالىي ھۆرمىتىنى يوللىدى، زۇڭتۇڭ رەپىقىسىنىڭ جۇڭگودىكى زىيارىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلىدى.

ھەدىيە خانىم جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى.

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

پەيزىۋات ناھىيە، مىشا يېزا 9-كەنت 1-مەھەللىدىكى "بەشتە ياخشى دىنىي زات"، كەنتتىكى چوڭ مەسچىتنىڭ خاتىپى ھەم ئىمامى ساۋۇت ماگسۇرنىڭ ئائىلىسى ئەسلىدە يەتتە نوپۇس، ئۈچ ئەمگەك كۈچى بار نامرات ئائىلە ئىدى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش لازىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئىشنى ئالدى بىلەن ئىلمىي ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق قىلىشتىن باشلىدى، 1985-يىلدىن بېرىقى 14 يىلدا كېۋەز، قوناق، بۇغدايدىن جەمئىي 168 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. ئۇ يەنە 1985-يىلى ئىككى مو يەرگە تۆرلۈك مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوبدان پەرۋىش قىلغاچقا، كۆچەتلەر تېز ئايىنىپ، 1987-يىلدىن باشلاپ مول مېۋە بېرىشكە باشلىدى. ئۇ ھازىرغاقەدەر بۇ باغدىكى مېۋە-چېۋىلەرنى سېتىپ، 73 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. ئۇ يەنە 1990-يىلدىن باشلاپ، 5000 يۈەنگە 30 تۇياق قوي سېتىۋېلىپ، بوردىقىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشقا باشلىغانىدى، ھازىرغىچە بورداقچىلىقتىنمۇ جەمئىي 51 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. ئۇ يۇقىرىقىدەك كۆپ خىل ئىگىلىك ئارقىلىق ھازىرغىچە جەمئىي 292 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. ئۇ باي بولغاندا، دۆلەتنى، نامرات قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي، دۆلەتكە 9800 يۈەن باج تاپشۇردى. مەھەللىسىدىكى ھەممە تۆرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىغان يىراقتىكى نامرات قېرىنداشلىرىغا 1310 يۈەن نەق پۇل، 6500 جىڭ ئاشلىق ياردەم قىلغاندىن باشقا، يەنە 29 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇردى. ئۇ يەنە مەھەللىسىدىكى ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىنى سۇ ئېلىپ كەتكەندە، ئۆيىدىن يېتەرلىك ياغاچ ۋە باشقا ماتېرىياللارنى ئېلىپ چىقىپ، كۆۋرۈك سېلىپ قويدى. ئۇ دىنىي ۋەزىپە ئۆتىگەن 19 يىلدىن بۇيان توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش، پەرزەنتلەرنى پەننىي مەكتەپلەردە ئاخىرغىچە ئوقۇتۇش ھەققىدە ئاممىغا تەشۋىق-تەربىيە قىلدى. كەيپ-ساپاغا ۋە باشقا يامان ئىشقا بېرىلىپ كەتكەن ياشلارنى تەربىيىلەپ، ياخشى ئادەمگە ئايلاندۇردى. ئۇ يۇقىرىقىدەك ئىشلىرىغا ئاساسەن، 1990-يىلدىن باشلاپ، ھازىرغىچە سەككىز قېتىم ناھىيە تەرىپىدىن، توققۇز قېتىم يېزا تەرىپىدىن، بىر قېتىم ۋىلايەت تەرىپىدىن "بەشتە ياخشى دىنىي زات" بولۇپ باھالىنىپ، تەقدىرلىنىپ كەلدى.

(مەخمەت ھامۇللا)

★ گۇچۇڭ بازىرىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ بىر قىسمى بازار سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ بېيىشىغا باشلامچى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مائارىپنى ئاكتىپ قوللاپ ۋە ياردەم بېرىپ كەلدى. بۇ يىل 10-سېنتەبىردە بازارلىق 5-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزگەندە دىنىي زاتلارنىمۇ ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار شۇ كۈندىكى يىغىن ۋە پائالىيەتلەردىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئىپادىلەشتى. ئىككى مەسچىت، 20گە يېقىن دىنىي زات ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ مەكتەپكە 4450 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇسالام ياقۇپ 1000 يۈەننى، ھەنىپخان ھاجىم 700 يۈەننى، تۇردى ھاجىم 500 يۈەننى يېتىم-يېسىر بالىلارنىڭ ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن ئاتىدى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە يېڭىدىن رەئىس بولۇپ تەيىنلەنگەن ياش كادىر ئوسمانجان ئىبراھىم تەشكىل نامىدىن 51 گاڭبى (600 يۈەن قىممىتىدە) ئەكېلىپ ئوقۇتقۇچىلارغا تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

(ئابلىمىت قۇربان)

★ پوسكام ناھىيىسىدىكى 102 دىنىي زات ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا 12 مىڭ يۈەن، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايون خەلقىگە 6600 يۈەن، يېتىم-يېسىر، ئىگە-چاقىسىز كىشىلەرگە 10 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 100 كىلوگرام ماي، 10 توننا كۆمۈر، 30 ھارۋا ئوتۇن، 431 قۇر ھەر خىل كىيىم-كېچەك ياردەم قىلدى. بۇ ناھىيىدىكى بىر قىسىم دىنىي زاتلار يەنە يول ۋە ئېتىز-ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا خالىسانە، ئاكتىپ قاتنىشىپ،

قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر ۋە "بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە"لەرنىڭ 500 مو يېرىنى ھەقسىز ھەيدەپ بەردى ھەم ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇشىغا تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردى. دىنىي زاتلار يەنە تۇرلۇك سورۇنلاردا توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا تەشۋىق قىلدى ھەم ئۆزلىرى بۇ جەھەتتە باشلامچى بولدى. نەتىجىدە ناھىيە تەۋەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ مۇراسىملىرىنىڭ تەڭدىن ئاۋۇنى ئاددىي ئۆتكۈزۈلدى. دىنىي زاتلار يەنە ئېتىقادچى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ مەسچىت ئىچى ۋە ئەتراپىغا 10 مىڭ تۈپ ھەر خىل كۆچەت تىكىپ، مەسچىت مۇھىتىنى ياخشىلىدى ۋە مەسچىتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامدىشىغا پۇختا ئاساس سالدى. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)

★ تۇرپان شەھىرىنىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان يېزا تەۋەسىدىكى ئوقۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا 3600 يۈەن قىممىتىدە دەپتەر-قەلەم ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارنى تەقدىم قىلدى، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ۋە ئاجىز-مېيىپ، يېتىم-يېسىرلارغا 1782 جىڭ ئۇن، 384 قۇر كىيىم-كېچەك، 1376 يۈەن 40 پۇڭ نەق پۇل، 233 كىلو گۆش، 437 كىلو ماي ياردەم قىلدى، بۇلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 26 مىڭ 740 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار 23 مىڭ 478 تۈپ كۆچەت تىكتى، 47 كۆۋرۈك ياسىدى، 54 ئائىلىدىكى زىددىيەتنى تۈگىتىشكە كۈچ چىقاردى، 43 مېيىتنىڭ نامىزىنى خالىس چۈشۈرۈپ بەردى، 32 قېتىملىق نەزىر-چىراغنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشۈپ بەردى. (شاھمەردان ئىمىننىياز)

★ قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بۇ يىل 5-ئاي كىرگەندىن بۇيان تەشۋىق-تەربىيىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە دىنىي زاتلارنى مائارىپقا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە تەشكىللىدى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابلىمىت مامۇت ھاجى، دىنىي زات ئابدۇرازاق ھاجى قاتارلىق 40 كىشىنىڭ ھەربىرى 200 يۈەندىن 30 يۈەنگىچە جەمئىي 8000 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلىپ، ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللىدى. (ئەزىز تۇردى)

★ قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى چاسا مەسچىت يېزىلىق شۆبىسىنىڭ مەسئۇلى نېمىتۇللاخان ھاجى قاتارلىق دىنىي زاتلار ۋە بىر قىسىم ئامما ئۆز يېنىدىن 12 مىڭ يۈەن نەق پۇل چىقىرىپ، 9-كەنتنىڭ قۇدۇق قېزىپ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا ئىئانە قىلدى. (سىدىق تۇردى)

★ مارالبېشى ناھىيىسى ئالاغىر يېزىسىدا 169 دىنىي زات بولۇپ، ھۆددىگەرلىك يەرنى ياخشى باشقۇرۇش بىلەن كۆپ خىل ئىگىلىكنى بىرلەشتۈرۈپ يىللىق كىرىمىنى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرغان دىنىي زات ئالتىگە، 50 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرغان دىنىي زات 14كە، 30 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرغان دىنىي زات 26 گە، 10 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرغان دىنىي زات 75كە يېتىپ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشتا باشقىلارغا باشلامچى بولدى. 13 دىنىي زات ئۆز دائىرىسىدىكى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا 18 مىڭ 500 يۈەن ئىئانە قىلدى، 78 دىنىي زات تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار 134 ئائىلىگە 12 مىڭ 850 يۈەن پۇل، 112 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق، 120 قۇر كىيىم-كېچەك ياردەم قىلدى. (ئوسمانجان باران، ئامىنگۈل ئىمىن)

★ مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا 22-كەنت جام مەسچىتىنىڭ مەزىنى ئۆمەر سەيپى ئۆز مەھەللىسىدىگە يېڭىدىن سېلىنغان شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپ يېنىدىكى چوڭ ئۆستەڭ كۆۋرۈكىنىڭ بەك كونىراپ كەتكەنلىكىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە بېرىپ-كېلىشىنىڭ تولىمۇ قولايسىز بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزى ھەرەمگە بېرىشقا تەييارلىغان 10 مىڭ يەن پۇلنى چىقىم قىلىپ بۇ ئۆستەڭگە بىر بېتون كۆۋرۈك سالدۇرۇپ بېرىپ ئۆزىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاشتەك ئېسىل خىسلىتىنى نامايان قىلدى. (ئابدۇراخمان ئىسمائىل)

# شياڭگاڭ ئىسلام دىنى بىرلەشمىسى ۋە ئاۋمېن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرلەشمە ئۆمىكى ئىچكى رايونلاردا زىيارەتتە بولدى

○ ئادىل هاجى كېرەم

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شياڭگاڭ ئىسلام دىنى بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى شى خۇي ئۆمەك باشلىقى، ئاۋمېن ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ما باۋخىن، شياڭگاڭ ئىسلام دىنى بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ما باۋخۇالار مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان، 16 كىشىدىن تەركىب تاپقان زىيارەت ئۆمىكى جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن هاجى، خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل هاجى كېرەمنىڭ هەمراھلىقىدا 9-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە بېيجىڭ، شاڭخەي ۋە سۇجۇلاردا زىيارەتتە بولدى.

زىيارەت مەزگىلىدە، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ زوئەن، مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ قاتارلىقلار ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى ۋە زىياپەت بەردى. مېھمانلار ھەرقايسى رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشى ۋە سەمىمىي سۆھبىتىگە تەشەككۈر بىلدۈردى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلغاندا، جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئىچكىرىدىكى مۇسۇلمانلارغا ۋاكالىتەن شياڭگاڭ، ئاۋمېندىن كەلگەن مۇسۇلمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇنداقلا مېھمانلارغا ئىچكىرىدىكى ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۆمەك باشلىقلىرى ئىچكىرىدە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە يۇقىرى باها بەردى، جەمئىيىتىمىزنىڭ ياش مۇسۇلمان ئىماملارنى تەربىيىلەشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى، ئىچكىرىدىكى مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولۇشتى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭدا دۇڭسى مەسچىتى، نيۇجيې مەسچىتى، بېيجىڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى، چۇڭۋېن رايونى خۇيزۇ يەسلىسى ھەم تيەنئەنمېن، گۇگۇڭ سارىيى، سەددىچىن سېپىلى قاتارلىق ئورۇنلارنى، شاڭخەيدە پۇدۇڭ مەسچىتى، شياۋتاۋيۈەن مەسچىتى ۋە ئاياللار مەسچىتى ھەم شەرق مەرۋايىتى خەلقئارالىق يىغىن مەركىزى، شاڭخەي مۇزېيى قاتارلىق ئورۇنلارنى، سۇجۇدا مەشھۇر ئاسارەتىقىلەرنى ۋە مەسچىتلەرنى زىيارەت قىلدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى بارغانلىكى جايلاردا، جايلاردىكى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن مۇسۇلمانلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ھالدا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ ۋە بېرىپ-كېلىپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭ ۋە شاڭخەيدىكى زىيارىتىنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇپ، 9-ئاينىڭ 10-كۈنى شاڭخەي ئارقىلىق شياڭگاڭغا قايتتى.

## كۈنەس ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ يىغىن بۇ يىل **9**-ئاينىڭ **20**-، **21**-كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئالدى بىلەن ناھىيىلىك ئىسلام دىنى **1**-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر ھەققىدە دوكلات بېرىلدى، ئاندىن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى ھەمدە جەمئىيەتنىڭ ناھىيىدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا

چىقارغان تەشەببۇسنامىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى، ئاندىن دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ناھىيىلىك 2-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 21 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، نىياز قارىي جەمئىيەت رەئىسلىكىگە، كەنجىباي قاتارلىق تۆت كىشى مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئالالباي قوشۇمچە باش كاتىپلىققا سايلاندى. يىغىنغا ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ 71 ۋەكىلى قاتناشتى. يىغىندا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ تەبرىك تېلېگراممىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. كۈنەس ناھىيىلىك پارتكوم، سىياسىي كېڭەش ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا باشتىن-ئاخىر قاتناشتى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى لىيۇ چەنشۇڭ، مۇئاۋىن سېكرېتارى نوردان ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلىپ يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەم ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى رولىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ھەققىدە مۇھىم يوليورۇق بەردى. (نەسمى)

## چاقىلىق ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

1999-يىل 7-ئاينىڭ 20-كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى يېزا-بازاردىن كەلگەن ئۇيغۇر، خۇيزۇ، دۇڭشاڭ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان 34 نەپەر ۋەكىل، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش، ھەرقايسى يېزىلارنىڭ مىللەتلەر-دىن ئىشلىرىغا مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى خىزمەتچى خادىملاردىن بولۇپ جەمئىي 60قا يېقىن كىشى قاتناشتى. يىغىنغا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى جېلىل ئابدۇرەھىم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى گايىت ئەخمەت، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۇردى سىيىت، مەمتىمىن ئىبراھىم ھاجى قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا ۋەكىللەر ئىسلام دىنى 1-قېتىملىق چوڭ يىغىندىن بۇيانقى خىزمەتلەر توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالتە يىلدىن بۇيانقى ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلاپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى نىزامنامە ۋە قارار-بەلگىلىمىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى. ۋەكىللەر دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-نۆۋەتلىك يەتتە نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە 12 نەپەر ھەيئەت ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى. ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىبراھىم ھاجى رەئىسلىككە سايلاندى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا ۋەكىللەر ناھىيىمىزدىكى كەڭ مۇسۇلمان ئاممىنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەمدە مۇزاكىرە قىلىپ، ئاممىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ناھىيىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىساد ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن بولدى. (ياسىنجان غوجىئەخمەت)

---

★ مارالبېشى ناھىيە، ئالاغىر يېزا قارا ئېقىن 10-كەنت 3-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق دىنىي زات، قارا ئېقىن مەسچىتىنىڭ خاتىپى تۇرەك مۇھەممەت كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالدىن بېيىغاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆز قىيىنچىلىقىم دەپ بىلىپ ياردەم قولىنى سۇندى. ئۇ ئۆز كەنتىدىكى مەكتەپتە جوزا يېتىشمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ مەكتەپكە 950 يۈەن قىممىتىدە ئون تال ياغاچ ياردەم قىلدى. ئۇ يەنە ئۆز كەنتىدىكى ئىگە-چاقىسىز ئايال ئايىمخان مۆمىنگە 1200 يۈەن قىممىتىدە بىر هارۋا، بىر ئىشەك، بىر كىگىز ھەم ئۆي سېلىشقا ئون تال ياغاچ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ تېرىقچىلىق مەزگىللىرىدە يەرگە مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن ئۆز كەنتى ۋە قوشنا كەنتلەردىكى 85 ئائىلىگە 15 مىڭ 500 يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بەردى. (ئوسمانجان بارات، ئامىنگۈل ئىمىن)

خەۋەرلەر

## قېرىنداشلىق مېھرى

8-ئاينىڭ باشلىرىدا، زەرەپشان دەرياسىغا كەلگەن غايەت زور كەلكۈن بۇ دەريانىڭ باش ئېقىنىدا جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان تاشقورغان خەلقىگە ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پوسكام ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، يېگىرمە نەچچە ياشلىق تاجىك دىنىي زات سەئىد ئەزىزدىنخان ھاجى ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتقان ئانىسى بىبى چىرا خېنىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 12 مىڭ 500 كىلوگرام ئاق ئۇن، 100 پارچە كىگىز تەييارلاپ، 9-ئاينىڭ 18-كۈنى مەخسۇس ئاپتوموبىل بىلەن تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئاپىرىپ بەردى، بۇ ئىشتىن ئالدىنئالا خەۋەر تاپقان ھاكىم روزى گۈلباي باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ناھىيە مەسئۇللىرى، ناھىيە بازىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار بولۇپ نەچچە يۈز كىشى سەپراس تۇرۇپ سەئىد ئەزىزدىنخاننى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ھاكىم روزى گۈلباي ناھىيە خەلقىگە ۋاكالىتەن سەئىد ئەزىزدىنخان ھاجىنىڭ بۇ سەممىي ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سەئىد ئەزىزدىنخان ھاجى: مەن تاجىك خەلقى ئېچىدىن چىققان دىنىي زات تۇرۇپ، قېرىنداشلىرىم ئاپەتكە ئۇچراپ قىيىنچىلىقتا قالسا قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمەن. گەرچە ياردىمىم ئازراق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ۋە قېرىنداشلىق بۇرچۇم"دېدى، ئۇنىڭ بۇ سۆزى نەق مەيداندىكىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى.

(ئادىل نۇرمۇھەممەت)

## خالىس نەزىر

مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا بازار جام مەسچىتىنىڭ سابىق ئىمامى، مارالبېشى ناھىيىسى تەۋەسىدە تونۇلغان ئاتاقلىق دىنىي زات قارىم بۇ يىل 8-ئاينىڭ 23-كۈنى كېسەللىك سەۋەبىدىن 120 يېشىدا ۋاپات بولغانىدى، بالىلىرى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، دەپنە مۇراسىمىدا كۆپلەپ پۇل-مال تارقىتىشنى كۆز-كۆز قىلمىدى، نەزىرگە باغاق يازغاندا ھېچقانداق سوۋغا-سالام قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئاللا يولىدا خالىس نەزىر بېرىپ، كەڭ ئاممىغا مېيت ئۈزىتىشتا ياخشى ئۈلگە كۆرسىتىپ بەردى.

(ئابدۇراخمان ئىسمائىل)

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 53-تۇەن رەھبەرلىكى ئۆز تەۋەسىدىكى بەشتە كاپالەتلەنگۈچى ۋە تۇرمۇشتا ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 114 مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قىشلىق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەخسۇس ئالتە كىشلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بۇ يىل دۆلەت بايرىمىدىن بۇرۇن 26 مىڭ 830 يۈەن نەق پۇل، 21 مىڭ 780 كىلوگرام ئاق ئۇننى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى يەتكۈزدى.

(ھەسەنجان قارىي)

## ھەرەمگە تەييارلانغان 4000 يۈەن كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان دېھقانلارغا ئىئانە قىلىندى

8-ئاينىڭ 14-كۈنى مارالبېشى ناھىيە ئاقساقمارال يېزا بورىچىدۆڭ 12-كەنتىدىكى دېھقانلار كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغانىدى. يېزىلىق دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەت ئەمەت بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ھەرەمگە بېرىشقا تەييارلىغان 4000 يۈەندىن ئارتۇق پۇلغا 6000 نان، 56 قۇر كىيىم-كېچەك، 300 كىلوگرام ئاق ئۇن، 50 كىلوگرام گۆش، 60 كىلوگرام سۇ يېغى، 120 كىلوگرام گۈرۈچ سېتىۋېلىپ، كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ ئۆي-ماكانسىز قالغان 60 نامرات ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى.

(نۇرئەخمەت موللا، تۇرسۇن ئابلىز)

## ھېيت-ئايەملەرنىڭ ھىجرىيە ۋە مىلادىيە يىللىرىدىكى ۋاقتى جەدۋىلى (باش قىسمى ئۆتكەنكى ساندا)

### ھىجرىيە 1426-يىل* (مىلادىيە 2005- ۋە 2006-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2005-يىل 2-ئاينىڭ 10-كۈنى | پەيشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 2-ئاينىڭ 19-كۈنى | شەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 4-ئاينىڭ 21-كۈنى | پەيشەنبە |
| مىئراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 8-ئاينىڭ 31-كۈنى | چارشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 9-ئاينىڭ 18-كۈنى | يەكشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 10-ئاينىڭ 4-كۈنى | سەيشەنبە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 10-ئاينىڭ 29-كۈنى | شەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 11-ئاينىڭ 3-كۈنى | پەيشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 2006-يىل 1-ئاينىڭ 10-كۈنى | سەيشەنبە |

### ھىجرىيە 1427-يىل (مىلادىيە 2006-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2006-يىل 1-ئاينىڭ 31-كۈنى | سەيشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 2-ئاينىڭ 9-كۈنى | پەيشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 4-ئاينىڭ 11-كۈنى | سەيشەنبە |
| مىئراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 8-ئاينىڭ 21-كۈنى | دۈشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 9-ئاينىڭ 8-كۈنى | جۈمە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 9-ئاينىڭ 24-كۈنى | يەكشەنبە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 10-ئاينىڭ 19-كۈنى | پەيشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 10-ئاينىڭ 24-كۈنى | سەيشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 12-ئاينىڭ 31-كۈنى | يەكشەنبە |

### ھىجرىيە 1428-يىل* (مىلادىيە 2007-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2007-يىل 1-ئاينىڭ 20-كۈنى | شەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 1-ئاينىڭ 29-كۈنى | دۈشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 3-ئاينىڭ 31-كۈنى | شەنبە |
| مىئراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 8-ئاينىڭ 10-كۈنى | جۈمە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 8-ئاينىڭ 28-كۈنى | سەيشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 9-ئاينىڭ 13-كۈنى | پەيشەنبە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 10-ئاينىڭ 8-كۈنى | دۈشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 10-ئاينىڭ 13-كۈنى | شەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 12-ئاينىڭ 20-كۈنى | پەيشەنبە |

## ھىجرىيە 1429-يىل (مىلادىيە 2008-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2008-يىل* 1-ئاينىڭ 10-كۈنى | پەيشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 1-ئاينىڭ 19-كۈنى | شەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 3-ئاينىڭ 20-كۈنى | پەيشەنبە |
| مىئراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 7-ئاينىڭ 30-كۈنى | چارشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 8-ئاينىڭ 17-كۈنى | يەكشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 9-ئاينىڭ 2-كۈنى | سەيشەنبە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 9-ئاينىڭ 27-كۈنى | شەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 10-ئاينىڭ 2-كۈنى | پەيشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 12-ئاينىڭ 9-كۈنى | سەيشەنبە |

## ھىجرىيە 1430-يىل (مىلادىيە 2008- ۋە 2009-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2008-يىل 12-ئاينىڭ 29-كۈنى | دۈشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 2009-يىل 1-ئاينىڭ 7-كۈنى | چارشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 3-ئاينىڭ 9-كۈنى | دۈشەنبە |
| مىئراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 7-ئاينىڭ 19-كۈنى | يەكشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 8-ئاينىڭ 6-كۈنى | پەيشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 8-ئاينىڭ 22-كۈنى | شەنبە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 9-ئاينىڭ 16-كۈنى | چارشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 9-ئاينىڭ 21-كۈنى | دۈشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 11-ئاينىڭ 28-كۈنى | شەنبە |

## ھىجرىيە 1431-يىل* (مىلادىيە 2009- ۋە 2010-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2009-يىل 12-ئاينىڭ 18-كۈنى | جۈمە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 12-ئاينىڭ 27-كۈنى | يەكشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 2010-يىل 2-ئاينىڭ 26-كۈنى | جۈمە |
| مىئراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 7-ئاينىڭ 8-كۈنى | پەيشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 7-ئاينىڭ 26-كۈنى | دۈشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 8-ئاينىڭ 11-كۈنى | چارشەنچە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 9-ئاينىڭ 5-كۈنى | يەكشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 9-ئاينىڭ 10-كۈنى | جۈمە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 11-ئاينىڭ 17-كۈنى | چارشەنبە |

ئىزاھ: * بەلگىسى قويۇلغان يىللار ھىجرىيىدىمۇ، مىلادىيىدىمۇ كەبىسە يىلى ھېسابلىنىدۇ.

(رەتلەپ ئىشلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

(داۋامى كېيىنكى سانلاردا بېرىلىدۇ)

# ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999-يىللىق سانلىرىدىكى ئاساسلىق ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى

## ▼ ئالاھىدە خەۋەرلەر

دوستانە زىيارەت —تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىمالىي ئافرىقىدىكى تۆت دۆلەتنى زىيارەت قىلدى..........
........................................ ئەكبەر غۇلام (1.4)
ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 6-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ۋە دىنىي ساھەدىكى "قوش بەشتە ياخشى"لارنى تەقدىرلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى ........................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (1.5)
لى رۇيخۇەن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى بىلەن باھار بايرىمىلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى ........
........................................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (2.4)
سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى رىياز شەھىرىنىڭ ئەمىرى شاھزادە سەلمان ئىبنى ئابدۇلئەزىز جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ........................ ئادىلجان (2.6)
شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىمىزنى بومباردىمان قىلغانلىقى يۈزىسىدىن مەملىكىتىمىزدىكى بەش چوڭ دىنىي تەشكىلات بىرلىكتە ئېتىرازنامە ئېلان قىلدى..........
........................................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (2.7)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكىلەر ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ........................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (2.8)
دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد نىگرىيىنىڭ ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە يېڭى زۇڭتۇڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى ........................ لى خۇاشىن (3.4)
3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.............. ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (3.5)
50 يىللىق تويىغا مۇبارەك
—جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ..........
........................................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (4.3)
ئاۋمېنىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە مۇبارەك.............. ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (4.6)
ھۆكۈمىتىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ئىسمائىل ئەھمەد ماراكەش پادىشاھى ھەسەن II نىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى
........................................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (4.8)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئەھمەد ۋاجىدى ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى..........
........................................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (4.10)

## ▼ ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

"ئىمان ۋاجىپلىرى" ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى .............. لى خۇڭمىڭ (1.15)
ئىسلام دىنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى.............. ئەنۋەر ھەق (1.20)
ئىمان ۋە تەپەككۇر .............. شىھابىدىن ئابدۇلئەھەت (1.23)
ئىسلام دىنىدىكى خەير-ئېھسان توغرىسىدا.............. قۇربانجان يۈسۈپ (1.26)
مۇسۇلمانلاردىكى قېرىنداشلىق ۋە ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا .............. ياقۇپ ھەمدۇللا (2.9)
ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرز ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك .............. يۈسۈپجان ئابىدىن (2.16)
ئىسلام دىنى، كائىنات ۋە مۇقەددەس سان "يەتتە" .............. مۇختارجان ياقۇپ (2.24)
ئىنسانلار ئەمگەكچان ۋە ئىجادكار بولۇشى لازىم
— «قۇرئان كەرىم»دىن ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋىتىگە بىر نەزەر ..........
........................................ ۋاڭ خۇڭپۇ، مى شۇجياڭ (3.7)

ئىسلام دىنىنىڭ بايلىق قارىشى توغرىسىدا ………………… ئابدۇلئەھەت سىدىق (3.17)
ئىسلام دىنى ۋە نىكاھ ………………… شەھابىدىن ئابدۇلئەھەت (4.17)
ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭ مەزھىپى ………………… جىيا باۋپىڭ (4.25)
خەتنە توي قىلىش سۈننەتمۇ؟ ………………… ئابدۇلھەپىز ئابدۇرەھىم (4.32)

### ▼ «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىي سېھرىي كۈچى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشچان شەخسلىك بايانلار توغرىسىدا ………………… ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (1.30)
«قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى ھەققىدە ………………… نەزىرە مۇھەممەت سالىھ (2.27)
مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن ھوقۇقلىرى ھەققىدە ………………… راخمان نىياز (2.34)

### ▼ ئىسلام ئەقىدىلىرى

ئىسلام دىنىدا ئەمەللەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرى ………………… تاھىر قادىر (1.6)

### ▼ ۋەز-تەبلىغ

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىسلام دىنىمىزدىكى ئورنى ………………… ئابدۇخالىق ئالىم (2.38)
ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈش توغرىسىدا ………………… مۇھەممەت ئىمىن ئابلىھېكىم (2.42)
ئاتا-ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش ………………… مۆھتەرەم ھاجى (3.21)
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ………………… ئابدۇكېرىم قارىم (4.34)

### ▼ ئىسلام ئەدەپ-ئەخلاقى

نىكاھ قانۇنىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، بەختلىك ئائىلە قۇرايلى! ………………… ياقۇپ ھەمدۇللا (1.33)
ئىسلام دىنى بالىلارنى سۈپەتلىك بېقىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ………………… ئەلانۇر ئەبەيدۇللا (1.37)
سالاملىشىش ………………… شاھمەردان ئىمىننىياز (1.39)
مۇسۇلمان ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەر ئۈستىدىكى بۇرچى ………………… مۇھەممەت شۇئەيب (1.41)
ئىسلامدىن ئېغىشمايلى —"ئى"، "ئې"غا ئېتىبارلارغان ئىلتىجانامە ………………… ئابدۇلېتىپ مامۇت (2.47)
ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئادەتلىرى توغرىسىدا ………………… ياقۇپ ھەمدۇللا (3.24)
ئارىمىزدىكى بىدئەت ئەمەللەرنى يوقىتايلى ………………… زۇلپىيە ئوسمان (3.30)
ئەسسالامۇئەلەيكۇم ………………… ياقۇپ ھەمدۇللا (4.36)
ھاراق ھەققەتەن ھارامدۇر
—"ھ" ھەرپىدىن ھۆكۈملەنگەن ھىدايەتنامە ………………… ئېلپتكىن (4.40)
ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىزلىرىغا بىر نەزەر ………………… ھۆسنەنجان تۇرسۇن (4.41)

### ▼ ئىسلام دىنى ساۋاتلىرى

ئىمان ۋە ئىسلام توغرىسىدا سوئال-جاۋابلار ………………… ئۆمەرجان مۇھەممەت (4.43)

### ▼ مەسچىت-مەدرىسلەر

لۈكچۈن "جاھاننامە" مەدرىسى ۋە "خانلىق" مەدرىسى توغرىسىدا ………………… شېرىپ خۇشتار (2.48)

### ▼ زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئېچىملىكلەرگە لەنەت

رەھىمسىز قاتىل — تاماكىدىن ھەزەر ئەيلەڭ ………………… ھاجى مەھمۇدى (1.43)
تاماكىنى تاشلايلى ("ت" تاۋۇشىغا تايىن تاپقان تەلەپ-تەكلىپ) ………………… ئابدۇرەزاق ئابدۇخالىق (1.45)

### ▼ ئالىم-ئۆلىمالار

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئۆلىما—ئەپەندى مەخسۇم ………………… ئابدۇرەھىم سابىت (1.46)
قىرغىز خەلقىدىن چىققان مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىما ھۈسەيىن ھاجى داموللام ………………… شەمشىدىن ھاجى (2.48)

## ▼ ياشلا ئالىملىرىمىز

يورۇقلۇق ئەلچىسى
—مەملىكەت بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش دوختۇر، كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش مۇتەخەسسىسى ھەدىيە ھاشىم توغرىسىدا ...................... ھەجەر سابىت، ئەنۋەر مۇھەممەت (3.38)

## ▼ ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار

ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئىززەت-ئېتىبارى توغرىسىدا ...................... ئارزۇگۈل (3.31)
مىللىتىمىزگە مەسلىھەت ...................... ھۇسەنجان تۇرسۇن (3.34)

## ▼ خەلقئارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشلەر

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە سۈرىيىدە زىيارەتتە بولدى ...................... ئادىل ھاجى كېرەم (1.49)
قىرغىزىستانلىق مېھمانلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ...................... ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (1.50)
ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان تۇڭگانلار ...................... خۇ جېنخۇا (1.51)
جۇڭگو قارىيلىرى خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتى ...................... ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (1.53)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىگە ئىپتارلىق بەردى ...................... (1.53)
مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سالىھ ھاجىم ماراكەش پادىشاھى ھەسەن II نىڭ رامىزانلىق لېكسىيە يىغىنىغا قاتناشتى ...................... ئادىلجان (2.54)
تۇنىسنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ...................... چاڭ چىڭلياڭ (2.54)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى خەلقئارا ئىسلام كېڭەشنىڭ 11-سانلىق يىغىنىغا قاتناشتى ...................... چېن يۈيلۇڭ (3.44)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى 12-نۆۋەتلىك "دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقلىقى يىغىنى"غا قاتناشتى ...................... شەمشىدىن ھاجى (3.45)
جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللىرى مالايسىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى ...................... نەبىئى ما جۇڭپىڭ (4.49)
دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى ...................... ئادىل ھاجى كېرەم (4.51)
مىسىر دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ...................... ئادىل ھاجى كېرەم (4.52)
گۋىنىيە زۇڭتۇڭىنىڭ رەپىقىسى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ...................... ئادىل ھاجى كېرەم (4.54)
بروناي دارۇسسالام دۆلەت دىن ئىشلىرى ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ...................... ئادىل ھاجى كېرەم (4.53)

## ▼ ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

1999-يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى ...................... ئادىلجان (2.58)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى ...................... ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (2.59)
شياڭگاڭ ئىسلام دىنى بىرلەشمىسى ۋە ئاۋمېن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرلەشمە ئۆمىكى ئىچكى رايونلاردا زىيارەتتە بولدى ...................... ئادىل ھاجى كېرەم (4.58)

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى



سر دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زىقزۇق
اشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى 9-ئاينىڭ 6-كۈنى جۇڭگو ئىسلام
ەمئىيىتىنى زىيارەت قىلىپ، ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن قىزغىن
ۆھبەتتە بولدى ۋە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى زالىدا «21-ئەسىردىكى
سلام دىنى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى.



بروناي دارۇسسالام دۆلىتى دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى مۇھەممەد
زەيدىن قاتارلىقلار 9-ئاينىڭ 28-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە زىيارەتتە
بولدى. زىيارەت ۋە سۆھبەتتىن كېيىن، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ۋە
دارىلفۇنۇن كۇتۇپخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.
(سۈرەتنى لى ۋېنسەي تارتقان)



ۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار
ئاينىڭ 21- ۋە 22-كۈنلىرى مالايسىيە پايتەختى كۇئالالۇمپۇردا
ۇتكۈزۈلگەن "غەيرىي مۇسۇلمان ئەللىردىكى مۇسۇلمانلار ھوقۇق-مەنپەئىتى
ۇيىچە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى"غا قاتناشتى. سۈرەتتە:
شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار دانىيە ۋە جەنۇبىي ئافرىقا ئالىملىرى بىلەن بىللە.
(سۈرەتنى ما جۇڭپىڭ بەرگەن)



يىغىن ئارىلىقىدا شەمشىدىن ھاجى بۇ قېتىمقى يىغىننى ئۇيۇشتۇرغان مالايسىيە
ئىسلام تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى دوكتور ئىسمائىل ئىبراھىم بىلەن
سەمىمىي سۆھبەتلەشتى ۋە سوۋغات ئالماشتۇردى.
(سۈرەتنى ما جۇڭپىڭ بەرگەن)

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999-يىللىق شەرەپلىك مۇشتەرىلىرى

ئاقسۇ ئۇچتۇرپاندىن: بەختىيار قادىر
(ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى)
مەكىت ناھىيىسىدىن: پاتەم ھاجى
ئاتۇش شەھىرىدىن: ئەلانۇر خانىم
ئاقسۇ شەھىرىدىن: ئابدۇكېرىم مىجىت